سىماتىنى قورقمايدىغان ۋە يول تاپقان سودىگەرلەر

مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر ھېكايىلىرى

مەخپىي كۈندىلىك خاتىرىلەر

ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

# تەڭرىتاغ


# TANGRITAG 99.4



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەن بوي
مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغان ژۇرنال

ISSN 1004-1745

# ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى




دىلشات خەمىت ھەرقايسى بۆلۈم مەسئۇللىرىغا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرماقتا.



ئىستانسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دىلشات خەمىت ئاڭلىتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بارماقتا.

ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى باشلىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى خەۋەرلىرى ، سەنئەت ، قىزىلتاغ ئېتىكىدە ئۈسمۈرلۈك چاغلار ، مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر ، ئۇنىۋېرسال پروگرامما ، كۆڭۈل ئارزۇسى ، قاتارلىق 22 دىن ئارتۇق پروگراممىدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ. بۇ ئىستانسىدا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ۋە ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلەپ يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەشۋىقات ۋەزىپىلىرىنى نەتىجىلىك ئورۇنلاپ كەلدى. ھازىر بۇ ئىستانسا 400 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر تىلىدىكى رادىئو ئاڭلىغۇچى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئىستانسىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى



# تەڭرىتاغ

4


1999

# TÄNGRITAG

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

## تەھرىر ھەيئەتلەر

مۇرات مەتنىياز، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئېلى.



بۇ سان ژۇرنال تەڭرىتاغ ژۇرنىلى مۇقاۋا لايىھىلەش، باسمىچىلىق، ئىجادىيەت مەركىزىدە ئىشلەندى.

# تەڭرىتاغ

( قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىر ھەسەن
ژۇرنىلىمىز قانۇن مەسلىھەتچىسى: ئابلىمىت رەھىم

## ماقالىلەر

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقنى باشقۇرۇش چارىسى ............نۇر بەكرى 4

## ھېكايىلەر

قارا قورساق سەركە ............................................مەتتىمىن ھوشۇر 6

ئۇزاق كېچە ............................................ئەختەم ئۆمەر 27

## ئەدەبىي ئاخباراتلار

يېڭى بىر سودا جېڭى VCD ۋە ئۇنىڭ بىلەن بېيىغۇچىلار .......... پولات ھېۋزۇللا، ۋەلى كېرەم 16

ئائىلە، مۇھەببەت، تۇرمۇش سۈرەتلىرى .............................. مىرزا قادىر 95

**دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر

تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002

شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى

چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەتساندۇقى)

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

CN65 —1012 / 1

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 52

پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن


# 1999/4

ئومۇمىي 75 ـ سان

## مۇندەرىجە

### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


ئادىل تۇنىياز، تۇرغۇن تۇرسۇن، دولقۇن جاپپار، ئەركىن نۇر .................................... 38


### ستۇدېنتلار تۇرمۇشى


ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ستۇدېنتلار (ئەدەبىي ئاخبارات) .......... ھەبىبۇللا رەجەپ، مۇھەممەت راخمان 50

تەقسىماتتىن قورقمايدىغان ۋە يول تاپقان ستۇدېنتلار (ئەدەبىي ئاخبارات) ...............................

پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ئىمىرھەسەن ............................................................ 16

مەخپىي كۈندىلىك خاتىرىلەر ................................................................يۇلتۇز 92


### نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن


شۋېتسارىيىگە سالام .................ئوسمانجان مۇھەممەد، رەخىم نۇرىيوپ تەرجىمىسى 104


### ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

# ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى

## 26 - نومۇرلۇق

«ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» 1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 17 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى. ھازىر ئېلان يولغا قويۇلىدۇ.

شەھەر باشلىقى: نۇر بەكرى

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقنى باشقۇرۇش چارىسى

**1 - ماددا:** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن شەھىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ بۇ چارە تۈزۈلدى.

**2 - ماددا:** شەھىرىمىزنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر بىردەك بۇ چارىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**3 - ماددا:** بۇ چارىدە دېيىلگەن جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقلار، يېزىلغان، ياسالغان، بېسىلغان، قاراتمىلىقى، ئاممىۋىلىقى بولغان ئاممىۋى سورۇنلاردا قوللىنىدىغان ئۇيغۇرچە يېزىق، خەنزۇچە يېزىق، خەنزۇچە پىنيىن ھەم چەت ئەل يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا:** شەھەرلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى، شەھىرىمىزدىكى جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق بولۇپ، بۇ چارىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەشتە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەرلىك سودا - سانائەت، مائارىپ، مەدەنىيەت، رادىئو - تېلېۋىزىيە، شەھەر مۇھىتى، باغ - ئورمان قاتارلىق باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

**5 - ماددا:** جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىش كېرەك.

**6 - ماددا:** ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تامغىسى، ۋىۋىسكىسى، كىنىشكىسى، ئورۇن نامى بېسىلغان ئىش قەغىزى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن خەنزۇچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**7 - ماددا:** ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ

ئەسلىھە نامى، چېگرا بەلگىسى، يول بەلگىسى، بىخەتەرلىك شوئارلىرى، قاتناش بەلگىسى ۋە ئاپتوموبىللارغا يېزىلىدىغان ئورۇن نامى، شەھىرىمىزدە ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ نامى، چۈشەندۈرمىسى قاتارلىقلاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن خەنزۇچە يېزىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك.

**8 - ماددا:** پارتىيە ئورگىنىنىڭ ۋۇيۇسكىسىنىڭ تېگى ئاق، خېتى قىزىل بولىدۇ، باشقا ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ۋۇيۇسكىسىنىڭ تېگى ئاق، خېتى قارا بولىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ۋۇيۇسكىسىنىڭ خېتى بىردەك ھۆسنخەت بولىدۇ. ئۇيغۇرچە يېزىق بىردەك باسما شەكىلدە بولۇش كېرەك.

**9 - ماددا:** ۋۇيۇسكىلارنىڭ خېتى تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە يېزىلىشى كېرەك.

(1) توغرىسىغا يېزىلىدىغانلىرىدا ئۇيغۇرچە خەت ئۈستىدە، خەنزۇچە خەت ئاستىدا بولىدۇ؛

(2) تىك يېزىلىدىغانلىرىدا ئۇيغۇرچە خەت سول تەرەپتە، خەنزۇچە خەت ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ؛

(3) تەڭ قويۇپ يېزىلىدىغانلىرىدا ئۇيغۇرچە خەت ئوڭ تەرەپتە، خەنزۇچە خەت سول تەرەپتە بولىدۇ؛

(4) چەت ئەل يېزىقى بارلىرىدا ئۇيغۇرچە خەت ئۈستىدە، خەنزۇچە خەت ئوتتۇرىسىدا، چەت ئەل يېزىقى ئاستىدا بولىدۇ. تامغىنىڭ ئويۇلىشىدا ئۇيغۇرچە خەت سول تەرەپتە، خەنزۇچە خەت ئوڭ تەرەپتە بولىدۇ.

**10 - ماددا:** تۈرلۈك ۋۇيۇسكا، تاۋار نامى، ئېلان قاتارلىقلاردا چەت ئەل يېزىقىنى ياكى خەنزۇچە پىنيىننى ئايرىم قوللىنىشقا بولمايدۇ.

**11 - ماددا:** تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ نامى، مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامى، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرنىڭ نامى، ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار قوللانغان يەر نامى ئەھمىيىتىنى ئالغان ئىستانسا، بېكەت، پورت قاتارلىقلارنىڭ نامىنى يېزىشتا بىردەك ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن يېزىقنى قوللىنىش كېرەك.

**12 - ماددا:** خەنزۇچە يېزىقنى قوللىنىشتا، مەملىكەتلىك تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. قىسقارتىلمىغان خەت، قالايمىقان قىسقارتىلغان خەتلەرنى كەلسە - كەلمەس قوللىنىشقا بولمايدۇ، خەتنى خاتا يېزىشقا بولمايدۇ، تۇراقلىق سۆزلەرنى بۇرمىلاش، ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

**13 - ماددا:** جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان خەتلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى شەھەرلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېت ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان يېزىقنى ياساش ئىجازەت گۇۋاھنامىسى» نى تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ياساشقا بولىدۇ.

**14 - ماددا:** بۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا شەھەرلىك، رايونلۇق (ناھىيە) لىك تىل - يېزىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا شەخسكە 100 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، ئورۇنلارغا 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**15 - ماددا:** بۇ چارىنىڭ 13 - ماددىسىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان خەت ياساش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا شەھەرلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا قانۇنغا خىلاپ ئېرىشكەن تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، لېكىن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 30 مىڭ يۈەندىن ئاشمايدۇ؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلماي ئېرىشكەن تاپاۋىتى بولسا 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**16 - ماددا:** ئالاقىدار بېرىلگەن مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا «مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش نىزامى» ۋە «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مەمۇرىي جەھەتتە ئەرز قىلسا بولىدۇ.

**17 - ماددا:** بۇ چارىنى شەھەرلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.


**18 - ماددا:** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قارا قورساق سەركە

(هېكايە)

مەمتىمىن هوشۇر



يۇنۇس باخشى جىنلىرىنى ساناپ چىقىۋىدى، بىرى كەم چىقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جىنلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ساناپ باقمىغىنىغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئادەتتە ئۇ تۇغ تىكىپ، تۇغنى ئايلىنىپ پىرقىرىغاندا، ئەتراپىدىكى پۈتۈن كائىنات ـ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، ئادەم، هايۋان، دەل ـ دەرەخ. . . هەممە نىمە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ

پىرقىراپ، ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭگارەڭ تۈتاش بىرنەرسىگە ئايلىنىپ كېتەتتى. «بۇ ئالەمنىڭ سىرى شۇنىڭدا، - دېگەنىدى بىر ئۆلىما يۇنۇس باخشىغا، - ھەممە مەۋجۇدات ھەرىكەتتە بولغاچقىلا بىر پۈتۈنلۈكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر يارالغان ئىگەم ئۇلارنى ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلسۇنچۇ، شۇ مىنۇتتا ھەممە نەرسە پارە - پارە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن بولاتتى...». يۇنۇس باخشىنىڭ چىلتەنلىرىمۇ ئۇ تۇغنى چۆرگىلەپ پىرقىرىغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەم بولاتتى؛ ھەرىكەتتىن توختاپ كۆزنى ئاچقاندا غايىب بولۇشاتتى.

يۇنۇس باخشىنىڭ ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان بىر چاغلىرى بولغان. ئۇ كەملەردە ئۇ پىرى جابدۇقلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، بىرقانچە ئۇستا داپچىلارنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ، سەھرامۇ سەھرا ئارىلايتتى. كاداڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى ھوشۇقچە كېچىپ، ھەر بىر ئەسكى تاملىق، ئالا - بۇلىماچ ژۇرۇنلار باغلىۋېتىلگەن قېرى قارىياغاچ، دۆمچەك - دۆمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان مازارلارنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆتەتتى. ئىنسانلار بېشىغا ئۆلۈم - يېتىم، بالا - قازا كەلگەندىلا ئېسىغا ئالىدىغان بۇ خىلۋەت جايلارنى يۇنۇس باخشى دەل مۆجىزىلەر ئايان بولىدىغان ماكان، دەپ بىلەتتى. پىرىنى ئۇ ئەنە شۇنداق كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان غەلىتە جايلاردا ئويۇشتۇراتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايغا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بىردەمدىلا نۇرغۇن ئادەملەر يىغىلاتتى. داپلارنىڭ نالە قىلىپ داراڭلاشلىرى، داپچىلارنىڭ پەرياد سېلىپ ئاۋۇشلىرى، ساپايىلارنىڭ ئاچچىق شاراقشىشلىرى، پارسىلداپ ئۇچقۇن چېچىپ كۆيۈۋاتقان نوكچىلار، ئىسرىقدانلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈش تۈتۈن، ھاۋانى قاپلىغان كۆيگەن ماي ۋە ئادىراسماننىڭ ھىدى، باخشىنىڭ قويۇندەك پىرقىراۋاتقان قىياپىتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ خىيالىنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كېتەتتى. نامراتلىق، دەرد - ئەلەم، ئاغرىق - سىلاقلار بىلەن چىرمالغان ئادەملەر گويا ئۆزىنى ئېغىر گۇناھقا پاتقاندەك، شۇ سەۋەبتىن تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قورقۇنچقا چۈشەتتى. بۇ پىرى ئويۇنىنىڭ ئۆزى سېھىرگەرلىكمۇ ياكى سەنئەتمۇ؟ ئەملەشمۇ ياكى گولداشمۇ؟ ئايرىماق تەس ئىدى. بەزىدە گۆدەكلەرنىڭ يىغىسىنى گولداپمۇ توختاتقىلى بولىدىغۇ؟!...

ئەنە شۇنداق پىرى سورۇنلىرىدا يۇنۇس باخشى يېتىلتىكى قانچە بىمارلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ماڭغۇزۇۋەتكەن، قانچە دەردمەنلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن قىياسلارنى قىلغان. كېيىن جاھان ناھايىتىمۇ تېز ئۆزگىرىپ كەتتى. قېرى ياغاچلار كېسىلىپ، ئەسكە تاملار ئۆرۈلدى؛ كونا قەبرىستانلىقلار بىر - بىرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. نەگە بارساڭ ئادەم مىغىلداپ خىلۋەت جايلارنىڭمۇ تايىنى قالمىدى. ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، رادىئو كانايلىرىنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرى دەستىدىن كىشىلەرنىڭ سەزگۈسى گاللىشىپ داپلارنىڭ رىتىملىق ساداسى، داپچىلار كۈيلىرىدىكى سېھىرلىك كۈچنى سەزمەس بولۇپ قالدى. نېمىدېگەن مەززىسىز دۇنيا ھە!؟... يۇنۇس باخشىغا ئۆزى قېرىپ، ھالى قالمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كارامىتىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرمۇ ساناقلىقلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا داپ چېلىپ بېرىپ پىرى قوشاقلىرىنى ئاۋۇيدىغانلار، ئۇنىڭغا ئىخلاس باغلاپ پىرى ئويۇنىنى كۆرىدىغانلار، باخشىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقىدىغانلارمۇ ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى. گويا ھەممە نېمىنى ماشىنا، رادىئو كانايلىرىنىڭ كىشىنىڭ سەپرايىغا تېگىدىغان شۇ يېقىمسىز شاۋقۇنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك، يۇنۇس باخشىنىڭ پىرىگە چۈشكەندە ئەتراپىدا ھازىر بولىدىغان

www.uyghurkitap.com



چىلتەنلىرىمۇ بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. «بۇ ئاخىر زاماننىڭ بەلگىسىمۇ، قانداق ؟ - دەپ ئويلاپ قالاتتى بەزىدە يۇنۇس باخشى، - ئاخىر زامان يېقىنلاشقاندا ئالەمنى ۋاڭ - چۇڭ قاپلاپ، ئاسمان بىلەن زېمىن، ئادەم بىلەن جىن، ئەر بىلەن ئايالنىڭ پەرقى قالماسمىش. . . »

يۇنۇس باخشى شۇنداق خىياللار بىلەن قانچىلىك يول باسقىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇ پىنهان بىر جاينى ئىزدەيتتى. قۇياش جاھاننى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قاغجىراپ يېرىلغان بىر پارچە يەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۇسىز بىر ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن يەنە ئۇزاق ماڭدى - دە، يوغان بىر تۇپ ياڭاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۆشنىسىدىكى يىرتىق خۇرجۇننى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، بىرئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىدىن قىل ئارغامچىنى سۇغۇرۇۋالدى. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ياڭاقنىڭ شېخىغا مەھكەم باغلىدى. يەنە بىر ئۇچىنى قوزۇققا چېگىپ، يەرگە قېقىپ تۇغ تىكتى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولدى. قېرىلىقتىن تېرىلىرى بوشىشىپ قاتلىشىپ كەتكەن بەدىنىگە قاراشقىمۇ رايى تارتماي، ئۇستىگە ئالدىراپ كېپەندەك كەڭ ئاق كۆڭلەكنى كىيدى. بىر قولىغا ساپايى، بىر قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ، تۇغنى چۆرگىلەپ ئاۋۇشقا باشلىدى:

ئاھ ئىلاھىم، ئىلاھىم،
تولۇپ تاشتى پىغانىم،
زەپ قىينالدى بۇ جانىم،
ساڭا بار بىر سوئالىم .
مېنى نېمىشقا بار قىلدىڭ،
ئەجەب يولۇمنى تار قىلدىڭ،
جىن - شەيتانغا خار قىلدىڭ،
مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟
كېتىپ تەندىن مادارىم،
ئۆتمەس بولدى دۇئايىم،
خاراب بولسا بۇ ھالىم -
كىمگە بولۇر ئۇۋالىم؟
ئەننە - مىننە پاتارا،
چىلتەنلىرىم قاتارا. . .

يۇنۇس باخشى بارغانسېرى خۇرچىغا كېلىپ، شۇنداق ئىتتىك ئاۋۇشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايلا قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا ئىدى. جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قايناپتتى. كەڭ كۆڭلەكنىڭ ئېتەكلىرى كۆپۈپ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان شارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. پۈتۈن زېمىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ پىرقىراپ، كۆز ئالدىدا تۈتاش رەڭلىك نۇرلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يۇنۇس باخشى پۈتۈن زېمىننى يىغىپ، كۆز ئالدىدا جىمىرلاپ تۇرغان رەڭلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. «قېنى، بۇ رەڭلەر ئىچىدە نېمە كەم؟ . . . ئىشقىلىپ بىر نېمە كەمدەك قىلىدۇ. . . »

رەڭلەر بارغانسېرى ئېنىقلىشىپ، ھەر بىر رەڭ بىر مەخلۇق شەكلىگە كىرىشكە باشلىدى. مانا، مۇنۇ ئەسكى تاملىقنىڭ چار يىلىنى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ. ماۋۇ زوڭزىيىپ تىككىدە ئولتۇرغىنى ھوقۇش، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە قارىغان ئادەم ئەيمىنىدۇ. . . ئەمدى، ئاۋۇ نېمە؟ . . . ھە، بۇ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن قېرى مۈشۈك، ئۆمۈر بويى قۇچىقىڭدا پۇ-شۇلداپ ياتىدۇ - دە، بىر كۈنلەرگە بارغاندا تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ماۋۇسى زۇلمەتنى خۇش كۆرىدىغان شەپەرەڭ، ئۇ جاراھەتنىڭ ئېغىزىغا چاپلىشىۋېلىپ قان شورايدۇ. ئاۋۇ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغىنىچۇ؟ ئۇ قورقۇنچلۇق قۇش ئىسقاق. سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيسەن، ئاۋازىنىلا ئاڭلايسەن، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىغا پۈتىنى

ئېلىشىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سايرايدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە قان تامچىپ چۈشىدۇ - دە، ئۇ قونغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، شۇ زامان قۇرۇپ قالىدۇ. . . يەنە نېمە كەم؟ توغرا، ئاق رەڭ! . . . ھېلىقى ساقاللىق ئاق تېكە قېنى؟ . . . ئادەملەرگە ئەڭ يېقىن، ئېزىتقۇلۇق كۆچى ئەڭ يامىنىمۇ شۇ ئەمەسمىدى؟ . . . ئۇنىڭ چىلتەنلىرى ئارىسىدا ئاق تېكە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ يۇنۇس باخشىنىڭ كارامەتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن - دە؟ ! . . .

يۇنۇس باخشىنىڭ تىزلىرى پۈكۈلدى، ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ پېرىنى يەنە ئازراق داۋاملاشتۇرغان بولسا نېمە كارامەتلەر ئايان بولاتتىكىن، لېكىن ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى مادارى قالمىغانىدى. ئۇ ئاپئاق بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرغان كۆككە قاراپ ئۇزاق ياتتى. يىراق بىر يولدىن گۈركىرەپ ئۆتكەن ماشىنا ئاۋازى كېلەتتى. پاكار تاملارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ساداسى ئاڭلىناتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ كۆزىگە ئاسماندىكى ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتقان ئاق بۇلۇتلار ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ قويلاردەك كۆرۈنەتتى. ھېلىقى ئاق تېكە بولسا قويلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

## 2

ئەمدى ئېنىق بولدى. يوقالغىنى بىر ئاق تېكە، ئۇزۇن، ئاپئاق ساقاللىق بىر هارامزادە. . .

يۇنۇس باخشى ئويلىنىپ قالدى. ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا، ئۇ تېخى دۇنيانىڭ غەملىرىدىن خالاس ئويناپ يۈرگەن بالا چاغلىرىدا، ئۇنىڭ دادىسى كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك بىر چىرايلىق ئوغلاقنى يېتىلەپ بازارغا كىرىپ، ئوغلاق ئويناتقۇزۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا دادىسىنىڭ بىر قولىدا دائىم ئالا - بۇلىماچ پۆپۈكلەر چېگىلگەن تاياق، مۈرىسىدە ئۇزۇن - قىسقا بىرنەچچە توقماق سېلىنغان خۇرجۇن بولاتتى. شەھەرگە كىرگەندە ئوغلاقنىڭ بوينىغا ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، ئۈستىگە پەرەڭ يوپۇق ياپاتتى. شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بازارنىڭ ئازادىرەك بىر دوقمۇشىغا كېلىپ توختىغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئۇششاق بالىلار، ئىشى يوق لەلەڭلەپ يۈرگە بىكارچىلار دۈررىدە كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، خۇرجۇنىدىكى ئوغلاق ئويناتقىدىغان ئەسۋابلىرىنى ئەتراپقا ياياتتى. ئاندىن قولىدىكى پۆپۈكلۈك تايىقىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

- قېنى ئوغلىقىم، مەيدانغا چىقىڭ، ماۋۇ ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا بىر سالام بېرىۋېتىڭ! - دەيتتى.

ئوغلاق بوينىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، مەيداننى ئايلىنىشقا باشلايتتى. ئۇيەر - بۇيەردە توختاپ، ئەتراپقا ئولاشقانلارغا قاراپ ساقىلىنى سىلكىپ - سىلكىپ قوياتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار: «ئەنە، ئەنە راستلا سالام بېرىۋاتىدۇ! » دەپ ھەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كېتەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى:

- بولمىدى، بولمىدى. . . ئاۋۇ ساقاللىق چوڭ دادىڭىزغا سالام بەرمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز، ماۋۇ گۈللۈك بەلۋاغ چىگكەن بايۋەچچىگە سالام بەرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ . . . ھە، ئەمدى ئاۋۇ سەللىلىك داموللىغىمۇ كېلىشتۈرۈپ بىر سالام قىلىۋېتىڭ! - دەپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئوغلاقنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك - يېنىك ئۇرۇپ قوياتتى.

بۇ ئوغلاق ھەقىقەتەنمۇ ئەقىللىق ئىدى. ئىگىسى كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ، بېشىنى سىلكىپ، بىر پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ - تېپىپ قويۇپ ياكى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىككىدە ئۆرە بولۇپ، ئىشقىلىپ

uyghurkitap.com



قانداقتۇر بىر قىلىقلار بىلەن ئۇلارغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى. كۆرۈپ تۇرغانلار گۇررىدە ئاۋاز چىقىرىپ: «ئوھوي!» دېيىشىپ كېتەتتى.

— بولدى، بولدى، قايتىپ كېلىڭ! — دەپ ۋارقىرايتتى يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى، — قۇرۇق سالام بېرىۋەرگەن بىلەنمۇ بولمايدۇ. ئەمدى مېھمانلارغا بىر كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىۋېتىڭ!

شۇنىڭ بىلەن، توقماق ئويۇنى باشلىنىپ كېتەتتى. ئوغلاق تىك قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويغان بىرىنچى توقماققا چىقاتتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئىككىنچى توقماققا سەكرەپ ئۆتەتتى. ئاخىرىدا ئەڭ ئېگىز توقماققا سەكرەپ چىقىپ، توقماقنىڭ ئالىقانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان يۈزىدە تۆت پۇتىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ ئەتراپتىكىلەرگە يەنە سالام بېرەتتى. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار رازى بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كېتەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى تولا دەۋرىپ ياد بولۇپ كەتكەن قاپىيىلىك سۆزلەرنى ئۈنلۈك توۋلاپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ قىزىتاتتى.

— ھەي خالايىق، بۇنى بىر ئاددىي ئوغلاقكەن، دەپ قالماڭلار، بۇ ئىنس - جىندىن تەلىم ئالغان، ئۆتكۈن ئۆتكەندە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم ئوغلاق. سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ؛ ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ؛ مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ؛ بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ، مېنىڭ باقىنىم بىر تېيىن بولىدۇ!...

بۇ ئاق ئوغلاقنىڭ قورساق تەرىپىدە ئالىقانچىلىك يەردە قارىسى بار ئىدى. شۇڭا يۇنۇس باخشى ئۇنىڭغا «قارا قورساق» دەپ نام قويۇۋالغانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئوغلاققا ئانچە ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى. پات - پات ھېلىقى پۆپۈكلۈك تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئەدەپلەپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا ئوغلاقنىڭ ئاچچىق مەرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كېلەتتى. دادىسى ھەر قېتىم ئوغلاق ئوينىتىپ قايتىپ چىققاندا، يۇنۇس باخشى ئوغلىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىقاتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئوغلاق ناھايىتى بەكۋاش ئىدى. سەللا دىققەت قىلمىسا، كىشىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، قويلارنى باشلاپ باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا كىرىپ كېتەتتى؛ قوشنىلارنىڭ باغلىرىغا چۈشۈۋېلىپ، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى غاجىلاپ بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرەتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر قېتىم ئاچچىقىدا بۇ ئوغلاقنى سويۇۋەتمەكچى بولۇپ پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، بالا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ، دادىسىنى پەيلىدىن قايتۇرغانىدى.

يازنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى يۇنۇس باخشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بازارغا كىرگەنىدى. ئۇلار ئوغلاق ئوينىتىپ ئانچە - مۇنچە تاپاۋەت قىلىپ، كەچكە يېقىن يېزىسىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ يېزىسى بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن بىر چۆل بار ئىدى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ھارغىن قەدەم بېسىپ، توپىلىق يولدا خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى. يۇنۇس باخشى ئوغلاقنى ئەگەشتۈرۈپ خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بىر قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى ئالدىدىكى يولغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۆل يەنە تىمتاسلىققا چۆككەن بولۇپ، يول ئۈستىدە يا ئۇنىڭ ئوغلى ياكى ھېلىقى ئوغلاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بالا بىلەن ئوغلاقنى ئۇ توپتوغرا بىر ھەپتە ئىزدىدى، گويا ئۇلار قۇيۇن بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك، ھېچيەردىن ئىز - دېرىكى بولمىدى.

يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى بىر كۈنى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر بوۋاي ئۇنىڭغا: «سەن ھەر ئىككىلىسىنى ئىزدىسەڭ مەڭگۈ تاپالمايسەن، يا

ئوغلاقتىن، يا ئوغلۇڭدىن ۋاز كەچ! . . .» دەۋاتاتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان چاغ بولۇپ، دەرەخلىك يېزىنىڭ ئىچى، ئۆيلەر تېخى قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. يۇنۇس باخشىنىڭ دادىسى سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ھېلىقى ئوغلاق ئوينىتىدىغان پۆپۈكلۈك قاتتىق تاياقنى تاپتى - دە، ئۇشتۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە بالا ئۆيگە ئۆزى قايتىپ كەلدى. دوپدوغىلاق ئوغۇلنىڭ ياداپ مەڭزىنىڭ ئۇستىخانلىرى پولتىيىپلا چىقىپ قالغان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە يوقالغانلىقىنى، ئوغلاقنىڭ نەدە قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. قانداقتۇر بىر كۆزلىرى چاپاقلىشىپ كەتكەن مۈشۈك، ئەسكە تاملىقنىڭ چار يىلىنى، شۇملۇقنى تىلەپ سايرايدىغان ئىسقاق. . . دېگەندەك غەلىتە نەرسىلەر توغرىسىدا جۆيلۈيتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بالا غەلىتىلا بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان داپ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى - دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. پېرى بولۇۋاتقان يەر قانچە يىراقتا بولسىمۇ خاتاسىز تېپىپ باراتتى. قەيەردە پېرى بولسا شۇ يەردە يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىمۇ ئۇستا بىر باخشى بولۇپ چىقتى.

كېيىن، مەھەللىدىكىلەر بۇ ھەقتە پاراڭ سېلىشىپ قالسا «يۇنۇسنىڭ دادىسى ئوينىتىپ يۈرگەن ھېلىقى ئوغلاق ئەسلى جىن ئىكەن. يۇنۇسنىڭ دادىسى ئۇنى بىر ئۇلۇغ ئايەت بىلەن ئۆزىگە بەنت قىلىۋېلىپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەنىكەن. ئوغلاق يۇنۇسنى ياخشى كۆرگەچكە، چۆلدە قويۇن پەيدا بولغان ھېلىقى كۈنى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قېچىپ، ئۇستا باخشى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ يەرگە تاشلاپتىكەن. يۇنۇس باخشى پېرىگە چۈشۈپ، تازا پىرقىراپ خۇرۇچىغا يەتكەندە، ھېلىقى ئوغلاق: «خوش، ساڭا نېمە ياردىمىم كېرەك؟» دەپ ئۇنىڭ بېشىدا پەيدا بولىدىكەن. . . دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى.

3

يۇنۇس باخشىنىڭ خىيالى ئاق تېكىدىلا قالدى. كىشىلەر توغرا ئېيتىدۇ: ئۇ ھەر قېتىم پېرىگە چۈشكەندە غايىبتىن پەيدا بولىدىغان ئاق تېكە ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئوينىتىپ يۈرگەن، ھېلىقى بىر چاغدا قۇيۇندا يوقاپ كەتكەن ئاق ئوغلاقنىڭ نەق ئۆزى. ئۇ ھازىر كىچىك ئوغلاق ئەمەس، يېتىلگەن تېكە. ئۇنىڭ قورساق تەرپىدىكى يارىتقان ئىگەم سالغان قارا بەلگە مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ ئوغلاق جىن بولماي، ئادەتتىكى ئۆچكە بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە ئۇنىڭ نەچچىنچى ئەۋلادىمۇ سويۇلۇپ تۈگىگەن بولاتتى. جىنغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆچكىگە ئەزرائىلمۇ يېقىن يولىمىسا كېرەك. . .

يۇنۇس باخشى پات - پات دادىسى ئوغلاق ئويناتقاندا ئېيتىپ يۈرىدىغان قوشاقنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى:

سەل چوڭ بولسا تېكە بولىدۇ،
بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ،
ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ،
مۈڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ،
بەك قېرىپ كەتسە جىن بولىدۇ،
مېنىڭ باققىنىم بىر تىيىن بولىدۇ. . .

ھېلىقى قارا قۇيۇندا پىرقىراپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا يۇنۇس باخشى ئوغلاقنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى. شۇ چاغدا ئوغلاق ئۇنىڭغا: «مېنى قويۇۋەت! . . . مېنى قويۇۋەت! ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن. مانا، مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ چاقىرساڭلا يېنىڭدا ھازىر بولۇپ خىزمىتىڭدە بولىمەن. ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام ئايىغىڭدا ئۆلەي. ئىننە - مىننە پاتارا، چىلتەنلىرىم قاتارا. . .» يەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغانىدى. يۇنۇس باخشى بۇ سۆزلەرنى مەھكەم يادلىۋالغان. «دېمەك، ئۇ مېنىڭ

www.uyghurkitap.com



چىلتەنلىرىم قاتارىدىن چىقىپ كېتىپتۇ - دە؟ - دەپ ئويلايتتى يۇنۇس باخشى، - ئۇ نېمىشقا شۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغاندۇ؟ . . . »

تەقدىر بىر كۈنى يۇنۇس باخشىنى ئاق تېكە بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشتۇردى. شۇ كۈنى ئۇ چۆل يولىدا كېتىپ باراتتى. تاشيولغا چىققاندا، قاتار تېرەك سايىسىغا كېلىپ توختىغان يۈك ماشىنىسىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. شوپۇر ياش يىگىت بولۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدى قاپقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، بېشىنى ئېڭىشتۇرۇپ بىرنېمىلەر قىلىۋاتاتتى.

- ئاق يوللۇق بول ئوغلۇم! - دېدى يۇنۇس باخشى شوپۇرغا يېقىنلاپ كېلىپ.

شوپۇر يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى - دە، ئۈنچىقماي يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغىلى تۇردى.

- ماۋۇ كۈننىڭ ئىسسىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرمەمدىغان. ھېرىپ ھېچ ھالىم قالمىدى. . . ئاۋۇ «جاڭگالباغ» مەھەللىسىگە بارغىچە ماشىناڭغا ئولتۇرۇۋالايمىكىن؟

- بۇ ماشىنىنىڭ ھازىرلاتىن ئوڭشىلىدىغان ئەپتى يوق، - دېدى شوپۇر يىگىت سەل تېرىككەندەك تەلەپپۇزدا، - ساقلاپ - ساقلاپ يەنە يولۇڭغا ماڭامسەنكىن؟

- ئوڭشىلىپ قالار. مېنىڭمۇ ئالدىراش ئىشىم يوق. . .

- مەيلى، ساقلايمەن دېسەڭ بېشىمدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالماي ئارقا تەرەپكە چىقىپ ئولتۇر.

يۇنۇس باخشى ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوزۇپقا ياماشتى. يۇقىرىدىن كىمدۇ بىرى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى. يۇنۇس باخشى ماشىنىغا چىقىپ، ئالدىدا تۇرغان قېرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆردى. كوزۇپنىڭ يان تەرىپىدە يوغان بىر ئاق ئۆچكە مۆگدەپ ياتاتتى.

- كەل تاغا، ئالدىغراق ئولتۇرايلى، - دېدى ھېلىقى يۇنۇس باخشىنىڭ قولىنى تارتىپ ماشىنىغا چىقىرىۋالغان ئادەم، - باياتىن بېرى ئېچىم سىقىلىپ، پاراڭ سېلىشقۇدەك بىرەر ئادەم بولسىمىغۇ، دەپ ئولتۇراتتىم. نەگە ماڭدىڭ؟

- جاڭگالباغقا، - دېدى يۇنۇس باخشى جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، - ماشىنا نېمە بوپتۇ؟

- ئىت بىلەمدۇ! . . . بىر ئوبدان مېڭىپ كېلىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پىشىلداپ ئوتى ئۆچۈپ توختاپ قالدى. مانا، شوپۇرنىڭ ئەتۋىركىسىنى ئۇيەر - بۇ يەرگە تىقىپ كوچىلاپ ھەپىلىشىۋاتقىنىغا بىر سائەت بولاي دېدى. . . ھېلىمۇ خۇدا ئوڭشاپ مۇنۇ قاتار تېرەكنىڭ سايىسىغا كېلىپ توختاپ قالدى دېگىنە، بولمىسا كۈنگە قاقلىنىپ قاقلا بولۇپ قالاتتۇقكەن. ھازىرقى ياش باللارنىڭ ھالى شۇ، - دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىدى ئۇ، - تەييار ماشىنىنى گۇركىرىتىپ ھەيدەشنىلا بىلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، سەللا بىر يېرىدىن كاشىلا چىقتىمۇ بولدى، مۇشۇنداق نېمە قىلارىنى بىلمەي، تەۋەككۇلگىلا ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كوچىلاپ تۇرغىنى تۇرغان. كونا شوپۇرلار بولىدىغان بولسا يەنە باشقا گەپتە. بىر يەرگە ئۇسسۇپ بېشى مىجىلىپ كەتكەن ماشىنىمۇ يەنە يولغا سۆرەپ ئاچىقىپ، بىر يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دېگەن يېرىڭگە يەتكۈزۈپ بارىدۇ. بىز كىچىك چاغلاردا، بىزنىڭ مەھەللىدە زايىر دەپ بىر شوپۇر بولىدىغان. ۋاھ، گەپ قىلما، شوپۇر بولار ئۇنداق بولماس. ھەرقانداق ماشىناڭنىڭ ئاچچىق ئۇچەيلىرىدىكى كېسەللىرىنى تېپىپ چىقالايتتى. كاساپەت، ھاراقنىمۇ شۇنداق قاتتىق ئىچەتتى. يەر دەسسەپ تۇرالمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتسىمۇ، يەنە رولغا يۆلەشتۈرۈپ چىقىرىپلا قويساڭ ماشىنىسىنى گۇركىرىتىپ ھەيدەپ كېتىۋېرەتتى. زايىر شوپۇر لەڭمەننى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. «نېمە تاماق يەيسەن؟» دەپ سورىساڭ، «قويە پولۇ، مانتا دېگەنلىرىڭنى، لەڭمەنگە يەتمەيدۇ» لا دەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى چاقچاق قىلىپ: «زايىرنىڭ ماشىنىسىغىمۇ ماي كەتمەيدۇ، مەنتەڭنى قۇيسا مېڭىۋېرىدۇ» دەيتتى.

- ئەجەب قىزىق گەپلەرنى قىلىدىكەنسەنغۇ ئۇكا، ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ - دەپ

سورىدى يۇنۇس باخشى.

- مېنى دەمسەن؟ . . . شەھەرگە كىرىمەن، تاغقا چىقىمەن؛ يەنە تاغقا چىقىمەن، شەھەرگە كىرىمەن. شۇ تايىنى يوق بىر ئىش.

- بۇ ئوتتۇرىدا بىكارغىلا پالاقلاپ يۈرمەيدىغانسەن. قانداق قىلىپ يارماق تاپىسەن، دەۋاتىمەن.

- تاغدىن مال ھەيدەپ كىرىپ قۇشخانىغا ئۆتكۈزىمەن، ئاندىن يەنە مۇشۇنداق بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تاغقا چىقىمەن. تاغدىن يەنە شەھەرگە كىرىمەن. . . تىرىكچىلىك تاغا.

- ۋاھ، كاتتا تىجارەتچىكەنسەن. . . مۇنۇ ئۆچكىنى قاسساپلار قىرىكەن دەپ ياراتمىدىمۇ، يا شەھەردىكىلەر ھازىر ئۆچكە گۆشى يېمەيدىغان بولۇپ قاپتىمۇ؟ نېمىشقا قايتۇرۇپ چىقىۋاتىسەن؟ . . .

شۇنداق دەپ يۇنۇس باخشى ھىلىقى ئۇگدەپ ياتقان ئۆچكىگە قاراپلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

- نېمە بولدۇڭ تاغا؟ . . . مىجەزىڭ يوقمۇ، چىرايىڭ بىر قىسىملا بولۇپ كەتتىغۇ؟

- ھېچ، ھېچ. . . ھېچنېمە بولمىدىم. نېمىشقا بۇ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىنى بوياپ قويدۇڭ؟

- ئۇ دېگەن ئادەتتىكى ئۆچكە ئەمەس، سەركە دېگىنە. شەھەرگە مال ھەيدەپ ماڭغان چېغىمدا، ھەممە قويلارنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇ سەركە ماڭىدۇ. مۈڭگۈزىنى بوياپ بەلگە سېلىپ قويمىساڭ، قۇشخانىغا بارغاندا قاسساپلار ئۇنىمۇ تۇتۇپ سويۇۋېتىپ قالىدۇ - دە. . . پاھ، بۇ سەركىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بىر دېمە. شەھەرگە كىرگەندە قىرىنداشلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ شۇنداق تاراسلاپ مېڭىپ كېتىدۇكى، شەھەردىكى بوينىغا ئالا - بۇلىماچ گالستۇك چىگكەن بايۋەچچىلىرىڭ بىر ياقتا قالىدۇ. يەنە كېلىپ يولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ماڭىدۇ دېمەمسەن. تۆت كوچىلارنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە قىزىل چىراغ يېقىلغىنىنى كۆرسە خۇددى بىرى ئۆگىتىپ قويغاندەك چىپپىدە توختايدۇ. «تووۋا، ھايۋانمۇ شۇنداق ئەقىللىق بولىدىكەن - ھە! » دەپ ياقاڭنى تۇتماي قالمايسەن.

يۇنۇس باخشى سەركە ياتقان تەرەپكە يەنە بىر قاراپ قويدى. سەركە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماي ئۇگدەپ ياتاتتى.

- بۇ سەركە بىرەر ئەسكى تاملىق، كونا قەبرىستانلىقلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە سەل توختاپ تۇرۇۋالىدىغۇ، دەيمەن؟

- نەق شۇنداق قىلىقى بار، تاغا، سەن بۇنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

- مەنمۇ بىر چاغلاردا مالچىلىق قىلغان. مۇنداق سەركىلەرنىڭ شۇنداق غەلىتە قىلىقلىرىمۇ بولىدۇ. . . ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە ئازراق قارىسى باردۇر ھەرقاچان؟

- ھوي، نېمە دەۋاتىسەن تاغا، سەن بىر كارامەتچىمۇ، قانداق؟ - دەپ ھەيران بولدى جانلىق مال سودىگىرى، - يا سەن قورسىقىدىكى قارىنى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ . . . سەن دېگەندەك ئۇنىڭ قورساق تەرىپىدە بىر پارچە يەردە قارا تۈكى بار.

- ساڭا مۇنداق ئوبدان سەركە نەدە ئۇچراپ قالغاندۇ، ئۇكام؟

- ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، سەن يا ئىشىنىسەن، يا ئىشەنمەيسەن. . . بىر كۈنى قويلارنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتۇق. تۇزگە چىققاندا تۇيۇقسىز بىر شامال كۆتۈرۈلۈپ ھەممىمىز قۇيۇندا قالدۇق. شۇنداق دەھشەت، غەلىتىلا بىر قۇيۇن. قۇيۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپقا پىتىراپ كەتكەن ماللارنى يىغىپ سانىساق بىر سەركە كەم. ئۇنىڭ ئورنىغا مانا مۇشۇ قارا قورساق سەركە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىمىزنىڭ سەركىسى نەگە كەتتى؟ بۇ سەركە قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ شۇنچە ئويلاپمۇ ئەقلىمنى يەتكۈزەلمىدىم. ماللارنى ھەيدەپ ماڭدۇق. قارىسام، بۇ سەركە ھەممە قوينى باشلاپ بىر ئوبدان ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ. خۇدا ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەردىمۇ ياكى باشقا بىرەرىنىڭ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بىزنىڭ ماللارغا قېتىلىپ قالدىمۇ؟ بىلەلمىدىم. شۇندىن بېرى بۇ سەركە مەن بىلەن بىللە. . .

«نەق ئۆزى شۇ، - دەپ ئويلىدى يۇنۇس باخشى، - قۇيۇندا پەيدا بولغان بولسا نەق ئۆزى شۇ. دادام: سەل چوڭايسا تېكە بولىدۇ، بىرەر مىڭ قويغا سەركە بولىدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن».

جانلىق مال سودىگىرى سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

- هازىر بۇ سەركە شۇنداق ئۆگىنىپ كەتتىكى، قويلارنى شەھەرگە ئۆزى باشلاپ بېرىپ قۇشخانىنىڭ ماۋۇ دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ - دە، قاسساپلار قويلارنى تۇتۇپ، پۇتىدىن باغلاپ، قاتار ياتقۇزۇپ سويۇشقا هازىرلانغىلى تۇرغاندا، ئاۋۇ دەرۋازىسىدىن غىپلا قىلىپ قايتىپ چىقىۋالىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر بۇ سەركىنىڭ مۆكۈزىدىكى بەلگىگە قاراپلا سويۇلمايدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ... ماۋۇ قىزىق گەپنى ئاڭلا. بىر كۈنى تاغدا سېتىۋالغان ماللارنى بىر مال قورۇسىغا جەملەپ، ئۆزۈم ماللارنىڭ يېنىدا ياتتىم. قۇلاق سالسام قويلار نېمىدەپ پىچىرلىشىۋاتىدۇ، دېمەمسەن؟ ئۇلار:

- ئەمدى بىزنى بىر ئوبدان ماكانلىرىمىزدىن ئايرىپ نەگىمۇ ئېلىپ بارىدىغاندۇ؟ - دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. يەنە بىزنىڭ بۇ سەركە ئەقىللىقتە:

- نەگە ئېلىپ باراتتى، سىلەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ ئوينىتىپ چىقىدۇ، - دەپ چۈشەندۇرگىلى تۇردى ئۇ قويلارغا، - شەھەر دېگەننى بىلەمسىلەر؟ مانا، مانا، هېچقايسىڭلار بىلمەيسىلەر ئەمەسمۇ. شەھەر دېگەن شۇنداق بىر كاتتا يەر. ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئاقىدۇ، ئەتراپى ياپيېشىل يايلاق. كېچىسى يۇمشاق ئورۇندا ئېغناپ يېتىپ ئۇخلايسىلەر. ئۇ يەردە بۆرە - قاپلان دېگەنلەردىن ئەنسىرەش ئوشۇقچىلا ئىش. تاغدىن غۇلاپ كېتىدىغان، بوران - چاپقۇندا قالىدىغان ئىشلار تېخىمۇ يوق. چاكارلار خىزمىتىڭلاردا پايپېتەك بولۇپ ئالدىڭلارغا يۇمشاق، خۇشبۇي ئوتلارنى توغراپ ئەكېلىپ قويىدۇ. چاينىماي يۇتساڭلارمۇ بولىدۇ. شەھەر دېگەنگە كېچىسى كىرىپ كېلىدىغان بولساڭلار، ئايهاي، ئالىيېشىل ئېلېكتر چىراغلىرى چاقناپ، كۆزۈڭلارغا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ... ئۇ يەردىكى چىراغلىرى بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ تۇرىدىغان رېستوران، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىچۇ تېخى...

بىزنىڭ بۇ سەركە قويلارغا شەھەر توغرىسىدا شۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىكى، ئۇ گەپلەرنى مەنمۇ ساڭا قاملاشتۇرۇپ دەپ بېرەلمەيمەن. مۇنداق تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق قوي ئەتىسى بۇ سەركىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭماي قالامدۇ، دەيسەن؟ تېخى ئۇ مال سويۇلىدىغان هېلىقى قۇشخانىلار توغرىسىدا قويلارغا نېمە دېدى، دېمەمسەن. ئۇ قويلاردىن:

- ئۇ يەردە «قۇشخانا» دەپ بىر يەر بار، بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. بىچارە قويلار:

- بىلمەيدىكەنمىز، ئۇ قانداق يەر؟ - دەپ بېشىنى ئىرغاڭشىتىشتى.

- ھەي، سىلەر دۇنيادىن هېچنېمىنىلا كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپ بارغان جانىۋارلار - دە! هالىڭلارغا كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ... «قۇشخانا» دېگەن بۇ دۇنيادا ئازاب چەككەنلەرنى ئۇ دۇنياغا - ئۇدۇل جەننەتكىلا يولغا سالىدىغان ئورۇن. قولىغا پىچاق تۇتقان، بۇرۇتلۇق پەرىشتىلەر بۇ ئىشنى بېجىرىدۇ. بۇ يەردە جەننەتكە يولخېتى ئالغانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا، گۇناھىدىن هېساب بېرەلمەي تۇرۇپ قالغان بۇرادەرلىرىگە «بەي - بەي!» دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپلا، سىراج كۆۋرۈكىدىن يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. «بەي - بەي» دېگەننىغۇ بىلەرسىلەر؟ توغرا، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سىلەر تۇرماق شەھەردىكى خېلى تەربىيە كۆرگەن ئورۇق - تۇغقانلىرىڭلارمۇ بىلمەيدۇ. قىسقىسى، بۇ «خوش!» دېگەنلا گەپ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇنۇس باخشى سەسكىنىپ كەتتى.

«ھەي، ۋاپاسىز مەخلۇق! - دېدى ئۇ ئىچىدە، - ئوغلاق چېغىڭدىلا بىر هارامزادە نەرسە ئىدىڭ. ھەممىگە خۇشامەت قىلىپ سالام بېرىپ،

خەقلەرنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ جېنىڭنى ساقلاپ قالغان. . . مەھەللىدىكى قويلارنى ئازدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىقلىرىغا ئوغرىلىقچە چۈشكەن. . . كېيىن مېنى ئېلىپ قېچىپ باخشى قىلدىڭ. ئەمدى مۇڭگۈزىڭنى بوياپ قويغانغا كېرىلىپ كېتىپ ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ يۈرەمسەن؟ ! . . . خەپ، مەن ساڭا تېتىمىسام، يۈنۇس باخشى دېگەن نامىمنى يۆتكىۋېتەرمەن! »

يۈنۇس باخشى كوزۇپتىن بېشىنى سوزۇپ تۆۋەنگە قارىدى. شوپۇر ماشىنىنى ئوڭشالماي جىلە بولۇپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— ئوغلۇمۇي، كۈن خېلى ۋاق بولۇپ قالدىغۇ، ماڭمامدۇق؟ — دېدى يۈنۇس باخشى.

— شۇ تاپتا تاغا مەن سىنىڭدىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن. ماشىنا ئوت ئالمىسا قانداق قىلىمەن؟ . . . ئىشنىڭ ئالدىراش بولسا سەن چۈشۈپ ماڭغاچ تۇر! — دەپ تېرىكتى شوپۇر.

— ئېغىر بويۇڭنى يېنىك قىلىپ، غاچچىدە ماشىنىغا چىقىپ يەنە بىر ئوت ئالدۇرۇپ باقە.

— باياتىن بېرى مەن شۇ ئوت ئالدۇرۇشنىڭ كويىدا. نېمانداق. . .

— ياش يىگىت دېگەن مۇنداق چوڭ ئادەمنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلاپ قويىدىغان. ماقۇل دەپ يەنە بىر ئوت ئالدۇرۇپ باقمامسەن؟

شوپۇر يىگىت قولىدىكى تاماكىسىنى بىر - ئىككى شوراپ يەرگە تاشلىدى - دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كابىنكىغا چىقتى. رولنى تۇتۇپ، ماي تەپكىسىنى بىرلا بېسىۋىدى، ماشىنا گۈررىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. ھەيرانلىقتا ئۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

4

يۈنۇس باخشى ئەتىسى ئۆز ئۆيىدە تۇغ باغلىدى. دەسلەپتە قولىغا دېپىنى ئېلىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئاۋۇدى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ۋارقىراپ خۇداغا نالە قىلاتتى. ئاللانىڭ بەندىلىرىنى بىھۇدە ئۆلۈم - يېتىم، دەرد - ئەلەملەردىن خالاس قىلىشىنى، يەر يۈزىدىن زۇلمەت، قارا نىيەت، يامانلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى، جىن - شاياتۇن، ئىبلىسلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىنى تىلەيتتى. ئاخىرىدا ئۇ قولىدىكى داپنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئاللا سالغىنىچە تۇغنى چۆرگىلەپ قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. . . دەل شۇ مىنۇتتا، چۆل يولىدا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، جانلىق مال سودىگىرى قويۇندا تىزىپ كەتكەن قويلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلالماي ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. قارا قورساق سەركە بىر جايدا پىرقىرىغۇچتەك پىرقىراپ، شۇنچە كۈچەپمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىدى - دە، ئاچچىق بىر مەرەپ يەرگە يىقىلدى. «ھەي، يامان بولدى، يامان بولدى! » دەپ ئۇنىڭ بېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى مالچى. ئۇ پىچىقىنى ئېلىپ، سەركىنىڭ كانىيىغا سۈرۈۋىدى، بىر تامچىمۇ قان چىقمىدى.

يۈنۇس باخشى ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەك بولۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پايانسىز چۆللەكتە قارا قورساق سەركىنىڭ ھارام بولۇپ قالغان گۆشى تاشلىنىپ ياتاتتى. ئاچ كۆز سودىگەر سەركىنىڭ ئازراق بولسىمۇ پۇلغا يارايدىغان مۇڭگۈزى بىلەن تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

«ئاپلا! — دەپ ھەسرەت چەكتى يۈنۇس باخشى، — بۇ ھارامزادىنىڭ زىيىنى ئۆلگەندىمۇ تۈگىمەيدىكەن - دە! . . . دادام: ئۆلسە تېرىسى داپ بولىدۇ، مۇڭگۈزى پىچاققا ساپ بولىدۇ، دېگەن ئەمەسمىدى؟ . . . ئەمدى ئۇنىڭ تېرىسىدىن كېرىلگەن داپقا يەنە نۇرغۇن بىچارىلەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ؛ ئۇنىڭ مۇڭگۈزى ساپ بولغان پىچاقتا يەنە قانچە مالنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ! . . . »

يۈنۇس باخشى بېشى ئايلىنىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، شۇ يەردىلا يىقىلىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# پېگى بىر سودا جېگى VCD ۋە ئۇنىڭ بىلەن بېيىغۇچىلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

پولات ھېۋزۇللا، ۋەلى كېرىم

1998 - يىلى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئارىسىدا VCD ئىشلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، بۇ 1999 - يىلى يۇقىرى دولقۇنغا چىقتى.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە تىجارەت ساھەسىدە ئىچكىرىسىدىن مال يۆتكەپ سېتىش قىزغىنلىقى (گۋاڭجۇچىلىق)، ئامېرىكا دوللىرى، زايوم تاشقى پېرېۋوت سودىسى قىزغىنلىقى، نېفىت، سېمونت، تېرە، پاختا قاتارلىق خام ماتېرىيال سودىسى قىزغىنلىقى، ئىچكىرىگە ئۈزۈم، قاق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش قىزغىنلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسى قىزغىنلىقى، باغ - ۋاران، يەر ئېچىش قىزغىنلىقى، ئۆي - مۈلۈك سودىسى قىزغىنلىقى... قاتارلىق قىزغىنلىقلاردىن كېيىن 1998 -يىلىدىن باشلاپ VCD پىلاستىنكىلىرىنى ئىشلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، بۇ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان ھامان تېز ئوبوروت بولىدىغان خېيىم - خەتىرى ئاز، تېز ۋە كۆپ پايدا يارىتىدىغان تىجارەتكە ئايلاندى. قايسى مەھسۇلات بازار تاپسا تىجارەتچىلەر شۇنىڭغا يېپىشىدۇ، VCD نىڭ بازارلىق مەھسۇلات بولۇشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يۇرتىمىز نوقۇل ماددىي بايلىقلارغا تويۇنغان باي زېمىن بولۇپلا قالماي، بەلكى قازسا تۈگىمەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىغىمۇ ئىگە. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، سەنئەت ساھەسىدە دۇنيادا بىزدەك خام ماتېرىيالغا باي مىللەت ئاز. خەلقىمىز سەنئەت سۆيەر خەلق، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەنئەت پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ.

شۇڭا مىللىي سەنئىتىمىز نامايان قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت بازارلىرىغا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ قىزىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى ئۇيغۇرچە VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشنى باشلاپ بەرگۈچى تۇردى ئېلى ئەپەندى ئىشەنچ بىلەن ئېيتقاندەك: «سەنئەت ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇڭا سەنئەت ئۆلمەيدۇ، مەدەنىيەت بازىرى سەنئىتىمىزنى خەلققە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتە، شۇڭا مەدەنىيەت بازىرى ھامان راۋاج تاپىدىغان، ئۆلمەس بازاردۇر».

80 - يىللاردىن باشلاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى بىلەن ئۈن - سىن مەدەنىيەت بازىرىغا كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار خىلمۇخىل ناخشا، مۇزىكا لېنتىلىرى ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى جانلاندۇرۇپ، خەلقىمىزگە مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلدى. بۇ جەرياندا خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن داڭلىق ياش، ئوتتۇرا ياش ناخشىچى، سازەندە، كومپوزىتورلارنىڭ نەچچە مىڭ خىل ئۈنئالغۇ لېنتىسى خەلقىمىز ئارىسىغا تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كوچىلارنى ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى مەخسۇس ساتىدىغان ماگىزىنلار قاپلىدى، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئىشلەيدىغان شەخسلەر مەيدانغا چىقتى، ھۆكۈمىتىمىز ئەزەلدىن مەدەنىيەت، مەتبۇئات بازىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ كەلگەن. ئادەتتە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە فىلىم مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى ھۆكۈمەت سالغان مەبلەغكە تايىنىپ ئىشلەيتتى، كۆپ ھاللاردا كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايتتى، بيۇروكراتلىق ۋە قاتماللىق سەۋەبىدىن يېڭى ناخشا چولپانلىرى تۇرماق،

داگلىق پېشقەدەم ناخشىچىلارنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىمۇ ئىشلىمەك تەس ئىدى، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۈن - سىن نەشرىياتلىرىغىمۇ ئىقتىسادىي كىرىم يارىتىش زۆرۈرىيىتى توغۇلدى. ئەمما بۇرۇنقى خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىش تەسكە توختىدى، بۇ چاغدا ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۈن - سىن نەشرىياتىغا قارىغاندا چوڭقۇر چۈشەنگەن شەخسىي تىجارەتچىلەر مەبلەغ ۋە تارقىتىشتا، مەشغۇلاتتا جانلىق بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن نەشرىيات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۈن - سىن فىلىملىرىغا ھۆكۈمەت زىيىنىغا مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت قاراشقا جەڭ ئېلان قىلىندى. نۇرغۇن شەخسلەر ئۈن - سىن مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ بېيىدى، بۇ مەزگىلدە بەزى لېنتا ئىشلىگۈچىلەر نوقۇل پايدىنىلا كۆزلەپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتماي، نۇرغۇن ناچار لېنتىلارنىمۇ نەشر قىلدى. لېكىن ئومۇمىي كەيپىياتتىن قارىغاندا، بۇ ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشىنى ھەرقانداق دەۋردىكىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خەلقىمىز ماددىي ھاياتىنىڭ كۈنسايىن جانلىنىشى ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى بوشلۇقنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1997 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە، تۇنجى قېتىم ئىشلەنگەن «قارا كۆز» ، «تەكلىماكان» ناملىق CD پىلاستىنكىسى ئۇيغۇر ئۈن - سىن بازىرىنى يېڭى بورۇلۇشقا ئىگە قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېڭىلىق توغرىسىدىكى قىزغىن پاراڭلىرىنىڭ تېخى ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا شۇ يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە، تۇردى ئېلى ئەپەندى «تەڭرىتاغ ساداسى» ناملىق VCD پىلاستىنكىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت بازىرىغا كىرىپ كېلىپ، كىشىلەر مەنىۋىيىتىنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ VCD بىلەن باغلانغان يېڭى ھاياتى باشلاندى. . .

بۈگۈنكى كۈندە VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھازىر نوقۇل ناخشا - مۇزىكا، ئېپىزوتتىن ھالقىپ، شەخسلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ھەرخىل مەزمۇندىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەپ بازارغا سالدى. بۇ كىنو - فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ بازارغا يۈزلىنىۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بىرىنچى، ئەركىن سېلىنما سېلىش. بۇ جەھەتتە خۇسۇسىي مەبلەغ سالغۇچىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكىلەرگە قارىغاندا ئەركىن ھەم يۇرەكلىك؛

ئىككىنچى، ئىقتىدارلىقلارنى بايقاش ھەم ئۆز يېنىغا تارتىش، ئۇلارغا ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىشتە شەخسلەرنىڭ تۇتقان يولى كەڭرى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى فىلىم ئىشلىگۈچى ئورۇنلاردا بيۇروكراتلىق ئېغىر. ئىقتىدارلىقلارغا تايىنىشتىن كۆرە نوپۇز ئىگىلىرىگىلا تايىنىش، بازار ئېھتىياجى بىلەن كارى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت؛

ئۈچىنچى، ئۈن - سىن بازىرىدا رىقابەت كۈچىيىۋاتىدۇ، مۇشۇ كەسىپنى تاللىۋالغانلار ئىلگىرى 10 بولغان بولسا، ھازىر 40 - 50 كە يەتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالغا نىسبەتەن مۇشۇ كەسىپكە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تەييارلىقى پۇختا بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇرۇن 10 ئادەم يەيدىغان نەرسىنى ھازىر 50 ئادەم يەۋاتقاندىكىن، مەبلەغ سالغۇچىلار سۈپەتلىك، خەلق ياقتۇرىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغان نەرسىلەرنى بازارغا سېلىۋاتقان مەھسۇلاتلىرى مەيلى سۈپەت، بازارنى ئىگىلەش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىن بولسۇن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئۈن - سىن كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولسۇن ياكى نەشرىيات ئورۇنلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ داشقازىنى تېخى شۇ پېتىچە تۇرۇۋاتىدۇ. تالانتلىقلارنى بايقاش، مۇشۇ شارائىت، مۇھىت، ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى چىقىرىشنى بايقىشى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىرمۇ بىر تەرەپتىن بۇرۇنقى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە كېتىۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم كۆپ، قولدىن چىققان ئىش ئاز بولۇشتەك قاتمال ھالەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئومۇمەن خۇسۇسىي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشى بازار تېپىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم

www.uyghurkitap.com



يارىتىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت بازىرى گويا ھەر خىل نەرسە بىراقلا قايناۋاتقان داشقازانغا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭدا ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەت ئەسەرلىرى ۋاراقشىپ قايناماقتا. كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا يېڭىچە شەيئى ھېسابلانغان VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولار؟ كېيىنكى تەرەققىياتىچۇ؟ دېگەن گادىرماچ سوئاللار چۆرگىلىمەكتە. . .

**مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك پىلاستىنكىلار بېسىلىپ قىلىپ بىمەنە، چاكىنا دەپ قارالغان پىلاستىنكىلار بازار تاپقان، بۇ توغرىدىكى بەس - مۇنازىرە كۈچەيمەكتە...**

## ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىدى

ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇرچە VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشنى باشلاپ بەرگەن تۇردى ئېلى ئەپەندى مۇنداق بىر مەسىلىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

- مەن ئوغلۇم ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىز ئوخشىمىغان يول تۇتۇپ قېلىۋاتىمىز. مەن مىللىي پۇراقتا، مىللىي ئەنئەنىمىزگە مۇۋاپىق كەلگەن، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى نەرسىلەرنى قوغلىشىمەن، ھەتتا مەن ئىشلىگەن ئون ئىككى مۇقام پىلاستىنكىلىرىنىڭمۇ تۇزۇك بازىرى بولمىدى؛ لېكىن مەن بەك چاكىنا، بىمەنە دەپ قارىغان ھېچبىر تالانتى يوق ياش ناخشىچىلار ۋارقىراپ - جارقىراپ ئېيتقان، مېلودىيىسى، تېكىستىنىڭ تايىنى يوق، مەن ئىشلەشنى رەت قىلىپ، ئوغلۇم ئۆزى ئىشلىگەن ناخشا پىلاستىنكىلىرى بازار تېپىپ كەتتى. VCD پىلاستىنكىلىرىنىڭ خېرىدارلىرى ياشلار، ياشلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى ئاشۇنداق سىرلىقمۇ؟ كۆزنى غەلەت قىلىدىغان تېز كۆرۈنۈش، سېۋۇژىتلىق ۋە غەلىتە ئاھاڭ. . . خېرىدارلار يۇقىرىقىدەك بىر تۈركۈم پىلاستىنكىلارنىڭ تەقلىدىي نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ زوقلىنىۋەردى. ئىقتىسادىي قىممەتنى دېمىسە تەرەققىي قىلغىلى بولمايدۇ، مەن پۇلنى قوغلامدىم ياكى ئۆز يولۇمدا مېڭىۋېرەمدىم؟ . . .

تۇردى ئېلى ئەپەندىنىڭ ئوغلى ئەنۋەر تۇردى ئۆزىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيانقى بازار ئېچىش يولى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

- مەن 1998 - يىلى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايتۇلان ئىجراسىدىكى «ياشلىق» ناملىق پىلاستىنكىنى بازارغا سالغىنىمدا، ھەقىقەتەن يېڭى ئىنكاسلار پەيدا بولدى. بۇ پىلاستىنكىنى ماختىغانلارمۇ بولدى، «بىمەنە، چاكىنىكەن» دېگەنلەرمۇ بولدى. مېنىڭ ئىدىيەم: كونا شەكىل، ئەنئەنىۋىيلىكتىن ئىگىرىلەپ يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى سەنئەت ئەسەرلىرىنى خەلققە يۈزلەندۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرخان ئىجراسىدىكى ناخشىلار بىلەن ئابلاجان ئاۋۇت ئىجراسىدىكى «ياڭراق ناخشام» ناملىق پىلاستىنكىنى بازارغا سالدىم. ئابلاجان ئاۋۇت ئىجراسىدىكى ناخشىلارمۇ يېڭى شەكىل، يېڭى ئۇسلۇب ۋە زامانىۋى يۈزلىنىشنى ئاساس قىلغان ناخشىلار بولۇپ، بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا ياشلار ئارىسىدا ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ھازىر تىجارىتىم كۆڭۈلدىكىدەك رونىق تاپماقتا. بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانىمدا شېرئەلى ئىجراسىدىكى ناخشا پىلاستىنكىسى بىلەن ئەسقەر «كۆك بۆرە» ئىجراسىدىكى ناخشا پىلاستىنكىسىنى ۋە بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ بازارغا سېلىش پىلانىم بار.

ھازىرقى VCD پىلاستىنكىسى سودىسىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى ياشلار بولغاچقا، بىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجى، تەلىپى بويىچە بازارغا يۈزلىنىشىمىز كېرەككى، بازاردىن، ئۇچۇردىن بىخەۋەر ئالدىراپ - تېنەپ بازار قايىنىمىغا ئۆزىمىزنى ئاتماسلىقىمىز لازىم. شۇڭا ياشلار بۈگۈنكى دەۋر زامانىۋى مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشكەن مەدەنىيەت، سەنئەتكە ھېرىسمەن بولغانىكەن، بىز VCD پىلاستىنكىسى ئىشلىگەندە بۇ رېئاللىقنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز زۆرۈر. چوڭلارغا خاس ناخشىلارنىمۇ بازارغا سالدۇق. ئەمما تازا دېگەندىكىدەك بازار تاپالمىدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمما نىسبەتكە، بازارغا، ئېھتىياجقا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر بىر VCD پىلاستىنكا سودىگىرى ئالدى بىلەن ئۇچۇردىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈشى، ئۇچۇرغا ماھىر، بازارغا قابىل بولۇشى كېرەك. . .

زادى قايسى خىلدىكى VCD پىلاستىنكىلىرىنى خەلقىمىز ياقتۇرىدۇ؟ ئالقىشلايدۇ؟ بۇ توغرىدا

جەمئىيەتتە بەس - مۇنازىرە تېخىچە بېسىلغىنى يوق. شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى نىجات ئەخمەت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە مەدەنىيەت سودىگەرلىرى يۇقىرى ساپالىق ھۇزۇرلانغۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۇرۇشكە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلار خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىگە تۇتاشقان، پۇلنى دەپ سەۋىيىسى تۆۋەن، غىلجىڭ، چاكىنا، ئەبجەش نەرسىلەرنى بازارغا سالسىمۇ مەنىۋىيىتى ئاچ قېلىۋاتقان خەلقىمىز ئۇنى يەنىلا يېڭىلىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەقەززاسى مۇشۇنداق پۇچەك نەرسىلەر بىلەن تويۇنۇۋالسا، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرلىنىش ساپاسى باشقا بىر نۇقتىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ، خەلقىمىزنى، ئەۋلادلارنى، ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت سەنئىتىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ. ئاز مەبلەغ سېلىپ كۆپ پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش مىنىڭچە جىنايەت! بۇنىڭ ئەكسىچە توغرا يول تۇتقۇچىلار گەرچە بۈگۈن ياكى ئەتە ئانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىسە ياكى زىيان تارتسىمۇ، ئاخىر بىر كۈن قىلغان ئەجرى خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئىش - ئىزلىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىك تۆھپىسى ئۈچۈن قەدىرلىنىدۇ، بۇ ئالىي شەرەپ.

بۇنىڭ ئەكسىچە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان ئەكبەر دېگەن ياش مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى:

- مەن ئامېرىكىلىق مادوننا دېگەن ئايال ناخشىچىنىڭ ناخشىلىرىنى بەكلا ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن، گەرچە ناخشىنىڭ تېكىستىنى چۈشىنەلمىسەممۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ ئۇنىڭ ئاۋازى مېنىڭ روھىمدىكى ئاۋازدەك يېقىشلىق. مادوننانىڭ VCD پىلاستىنكىلىرىنى تولۇق دېگۈدەك كۆردۈم. ئۇنىڭ ئېيتقىنىلا ئەمەس، ھەرىكەتلىرىمۇ بىر ناخشا. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، روھىنى، جۈملىدىن ماھىيىتىنى ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشىلىرى ۋە قىلىقلىرى بىلەن تولىمۇ ياخشى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئايتۇلانىمۇ مادونناغا ئوخشاتقىلى بولىدۇ. مەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھۇزۇرلانغۇچىلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش رولىغا كۆز يۇممايمەن، ئەمما بازارنىڭ، جۈملىدىن ئېھتىياج ۋە ئىستېمالنىڭ رولىغا كۈچلۈك ئەھمىيەت بىلەن قارايمەن.

ئەنۋەر تۇردىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن بازارغا چىققان VCD پىلاستىنكىلىرىنى كۆردۈم. ئەلۋەتتە ئايتۇلان مەتقاسىم ئىجراسىدىكى «ياشلىق» دېگەن پىلاستىنكىنىمۇ كۆردۈم. قۇربان ھېيت مەزگىلىدە دەيمەن، بىز بىر توپ ياشلار بىرگە كۆردۇق. ئىككىيلەن «بولدى، باشقا پىلاستىنكىغا ئالماشتۇر، ئادەمنىڭ غىدىقى كېلىپ كېتىدىكەن» دەپ قارشى تۇردى، ئەمما باشقىلىرىمىز ئۇنىماي كۆردۇق. راست، ناخشا تېكىستلىرىنى قايسى شائىر يازدىكىن، زادىلا قاملاشماپتۇ. ئەمما ئايتۇلان ناخشىنى ئوبدان ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى، قىلىقلىرى دادىللىق، ئەركىن ۋە شوخلۇق بىلەن تولغان، مەن سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم كۆردۈم. فىلىمنىڭ كىرىشتۈرۈلۈش تېخنىكىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى. خاتالاشمىسام، بۇ ناخشىلار بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مودا بولدى. چوقۇنۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بەزىلەر بۇ ناخشىلارنى ئوچۇقلا مەسخىرە قىلدى. نېمىلا بولمىسۇن مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن چىقىپ باقسۇن، ئۇنىڭمۇ، بۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خېرىدارى بولىدۇ، ئۇنداق بولۇش كېرەك، بۇنداق بولۇش كېرەك دەپ رامكا بەلگىلەپ بەرمىگىنىمىز، ئۆز ئىدىيىمىزنى باشقىلارغا تاڭمىغىنىمىز تۈزۈك. ئۇن - سىن بازىرى ئەمدىلەتىن ئېچىلىۋاتىدۇ، ئادەملەر ئۆزى تاللايدۇ، بازار ئۆزى ئوڭشايدۇ، چۈنكى ئىستېمالچىلارنىڭ سەۋىيىسى، ياش پەرقى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا قايسى خىلدىكى VCD پىلاستىنكىلىرىنى خەلقىمىز ياقتۇرىدۇ، ئالقىشلايدۇ دېگەن مەسىلىگە بازار بىرنېمە دېسۇن.

ياشلار ھېسسىياتنى سەمىمىي، دادىل، بىۋاستە ئىپادىلىگەن ناخشىلارنى ياقتۇرىدۇ، زوقلىنىش ئالاھىدىلىكى چوڭ ياشتىكى كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، زامانىۋى ناخشىلارنى غەربكە تەۋە دەپ قاراپ ئۇنى مىللىي ناخشىلىرىمىزغا قارىمۇ قارشى قىلىپ چۈشىنىش مېنىڭچە توغرا بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەمچىل بولسا شۇ بازار تاپىدىغان ئىش، بىز ئەزەلدىن ناخشا ئىجادىيىتىدە كۆپ خىللىقتىن كۆرە ئۆزىمىزدە بۇرۇندىن بار بولغان نەرسىلىرىمىزدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدۇق، ياشلارنىڭ ھېسسىياتقا، ئۆزىگە، ياشلىققا، ئىنسان ماھىيىتىگە دادىل يۈزلىنىشىنى ئەخلاقسىزلىق دەپ چۈشىنىپ كەلدۇق. دېمەك، نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئەخلاقنىڭ ماھىيىتىدىن كۆرە ئەخلاقنىڭ تاشقى پوستىنى مۇھىم دەپ قارايدۇ، ياشلارنىڭ قايمۇقۇشى ئۇ ناخشىلارنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىنىڭ غۇرۇرى ۋە مەنىۋىيىتىنى چۈشەنمەي كونا رامكىلار بويىچە مۇئامىلە قىلىپ ئۆز بالىلىرىنى ئۆزلىرىدىن يىراقلىشىشقا سەۋەب بولغانلىقىدىن، بالا تەربىيىلەشتە قايىل قىلىشتا ئاجىز كەلگەنلىكىدىن...

ھازىر VCD پىلاستىنكىلىرىنىڭ تارقىلىشى ئىستېمالچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى يۇقىرى دولقۇن نورماللاشتى. ئىلگىرى بازارغا سېلىنغان ھەرقانداق پىلاستىنكا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرى كەمچىللىكى، ئىككىنچىسى يېڭى شەيئى بولغانلىقى ئۈچۈن بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولدى.

يېڭى ئەسىر، دۇنيا كىشىلەرنى تاللاشقا، سىناققا باشلاۋاتىدۇ، خىلمۇخىل پىلاستىنكا بازىرىدىن ئەمدىلىكتە كىشىلەر تاللاۋاتىدۇ، بۈگۈنكى شارائىتتا ئىقتىسادىمىزنىڭ ئارقىدا قېلىش، تۇرمۇش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى بىزنىڭ تاللاش قەدىمىمىزنى تېزلەتتى. ھازىر پىلاستىنكىلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر ئاھالىلىرىگە تارقىلغان بولۇپ، كەڭ كەتكەن يېزا - قىشلاقلار بۇنىڭدىن خېلىلا يىراق تۇرماقتا. مۇشۇنداق شارائىتتا سۈپەتلىك، باھاسى مۇۋاپىق بولمىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

**VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشتە ئاچقۇچلۇق ئۆتكەل - ئىشلەپچىقىرىش. بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ خاسلىق - سۈپەت - خاسلىق...**

## VCD پىلاستىنكىسى سودىسىدىكى ئاچقۇچلۇق ئۆتكەل

VCD پىلاستىنكىسى سودىسىدىكى ئاچقۇچلۇق ئۆتكەل قايسى؟ ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ۋاھىتجان ئوسمان بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

- مېنىڭچە VCD پىلاستىنكىسى سودىسىدىكى ئاچقۇچلۇق ئۆتكەل - ئىشلەپچىقىرىش. سىزنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىڭىز مەيلى پايدا تاپسۇن ياكى زىيان تارتسۇن، ئۇ بىر ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ، خەلققە ئۆز كۈچىڭىزدىن چېچەكلىگەن مېۋىنى سۇنۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نەتىجە.

ئىشلەپچىقىرىش سودىسىنىڭ تۈپ ھالقىسى، ئىشلەپچىقىرىش بولمىغان سودا غالچا سودا ھېسابلىنىدۇ. مەن 1997 - يىلى 5 - ئايدىن بۇيان تۇتۇش قىلىپ، يېقىندا «قىرلىق ئىستاكان» ناملىق ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئىشلەپ بازارغا سالدىم. مەن بۇ مەھسۇلاتنى ئىشلەشتە سۈپەتكە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمدىن، بۇ پىلاستىنكا بازارغا سېلىنىشى بىلەنلا بۈگۈنگىچە نەشر قىلىنغان پىلاستىنكىلار ئىچىدە ئەڭ بازارلىق پىلاستىنكا بولۇپ قالدى.

مەن ھامان «سۈپەتسىز نەرسىلەرنى ئىشلەپ كىشىلەرنى نارازى قىلغۇچە، سۈپەتلىك نەرسىلەرنى ئىشلەپ كىشىلەرنى رازى قىلغان ياخشى» دەپ قارايمەن. سۈپەت، تېخنىكىمۇ بۇ سودىدىكى مۇھىم ئۆتكەل. بىز ھەرگىزمۇ شەخسىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، سۈپەتسىز نەرسىلەرنى قامچىلىشىمىز لازىم. خەلقىمىز رازى بولسا، بازار جانلىنىدۇ.

«ھۆسەينىيە كىتابخانىسى» ئۈن - سىن بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى سادىر ئابلىز بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

- VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچلۇق ئۆتكەل سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىش. بىزنىڭ VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن سودىگەرلىرىمىز ئىچىدە قارىغۇلارچە كۆچۈرمىچىلىك خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر. ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرى تۇرسىمۇ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ، بېيىتىپ خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشنىڭ ئورنىغا، چەت ئەلنىڭ بىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق بىر مەنىۋى قىممىتى بولمىغان، ياشلارنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ

ئىشلىنىۋاتقان پىلاستىنكىلار ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يولغا كىرگەنىكەنمىز، ياشلارنى جەزمەن توغرا يېتەكلىشىمىز، ئۆز خاسلىقىمىزنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشىمىز لازىم. چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار خاسلىقنى بەك تەكىتلەيدۇ. باشقىلاردىن كۆچۈرۈشنى، باشقىلارغا تەقلىد قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. «ياشلار ياقتۇرىدۇ، زامانىۋى تەرەققىياتقا ماسلاشتۇر-دۇق» دېگەندەك ئىدىيە بىلەن ئىشلەپچىقىر-ۋەرسەك، ياشلارنى يېتەكلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆز ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ، چەت ئەلنىڭكىگە چوقۇنۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىمىز. «دوست خېنىم» ناخشا پىلاستىنكىسى ئىشلەنگەندە چوڭلارنىڭ بەكرەك ياقتۇرۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ، تېكىستى، مۇزىكىسى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بىر-بىرى بىلەن يۇكسەك دەرىجىدە بىرلەشكەنلىكىدە، مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، خاراكتېرنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىدە. بۇ پىلاستىنكا دېگەندىكىدەك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمىسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى بولدى. كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي مايىللىقىدىن قارىغاندا، كىشىلەر يەنىلا ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزگە تەلپۈنۈۋاتىدۇ. بىز مەدەنىيەت بازارلىرىنى مۇشۇ مايىللىق ئاساسىدا جانلاندۇرساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

### بازارنى قوغلىشىپ سۈپەتسىز مەھسۇلاتلار ئىشلەندى، تەمىنلەش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشالماسلىق ئېغىر، مەھسۇلاتنىڭ تۈرى ئاز

### VCD پىلاستىنكىسى سودىسىدا خېلى كۆپ مەسىلىلەر مەۋجۇت

بۇ توغرىسىدا ئۈرۈمچى «كۆكنۇر» ئۈن-سىن بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ۋاھىتجان ئوسمان مۇنداق دېدى:

— ئىنتىك بازارنى قوغلىشىپ سۈپەتسىز نەرسىلەرنى ئىشلەۋاتىمىز. ھەقىقەتەن بۇ بىز ئۈچۈن يېڭى شەيئى بولغانلىقتىن سۈپەتسىز نەرسىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ھەر بىر تىجارەتچى ۋىجدانىي نۇقتىدىن ئۆزىگە سوئال قويۇشنى بىلىشى كېرەك. ئۆز خەلقى، سەنئىتىنى ئالدىغانلار ئاقىۋەتتە ۋىجدانىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەللار تاللىنىدۇ، ناچارلار شاللىنىدۇ. بۇ، دەۋرنىڭ، بازارنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. بىز مەيلى قانداق نەرسىلەرنى ئىشلىمەيلى، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ھەر بىر مەنىۋى بايلىقىمىز نىشانسىز، سۈپەتسىز، مەنپەئەتسىز بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

شىنجاڭ مىللىي ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ دىرېكتورى ھۆسەنجان ئەپەندى بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

— يېڭى شەيئىنىڭ تۇرلۇك مەسىلە، زىددىيەتلەردىن خالىي بولۇشى خېلى قىيىن، ئەلۋەتتە. بۇ بازاردا يۇقىرىقى تەرەققىيات، ئۆزگىچىلىكلەر بىلەن بىللە تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

1. تۈر جەھەتتىكى مەسىلە. 1997-يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە بازارغا سېلىنىۋاتقان پىلاستىنكىلارنىڭ كۆپ قىسمى ناخشا پىلاستىنكىلىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجى تويۇنۇش باسقۇچىغا بېرىپ قالدى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يىلقى بۇرۇلۇش ئېپىزوت، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنو، ناخشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا قاراپ قەدەم بېسىشقا باشلىدى. شۇڭا VCD پىلاستىنكىسىنى ئىشلىگۈچىلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى بازاردا پۇت تىرەپ تۇرىمەن دەيدىكەن، بۇ ئۆتكەلنى چوقۇم بېسىشى كېرەك؛

2. تەمىنلەش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشالماسلىق. بىزنىڭ 90% خەلقىمىز يېزا-قىشلاقلارغا، ئاز بىر قىسمى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەكشىسىز بولغان رېئاللىق پىلاستىنكا باھاسى بىلەن خەلقنىڭ ئىستېمالى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاشكارىلاپ، بازارنىڭ ئويلىغاندەك كېڭىيەلمەسلىكى، جانلىنالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا؛

3. سۈپەت، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلمايۋاتىدۇ. سۈپەت، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۆتكەل VCD پىلاستىنكا بازىرىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئاچقۇچلۇق ئۆتكەللەرنىڭ بىرى. ئۈيغۇرچە VCD پىلاستىنكىلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە بازارغا سېلىنغانلىرىنىڭ تەخمىنەن 70%

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان مەھسۇلاتلار بولۇپ، بازارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

بۈگۈنكى بازار تالالاش، سىناق، رىقابەتكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئىلگىرى بازارغا سېلىنغان پىلاستىنكىلار سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقتىن، كىشىلەر تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. VCD بازىرىنىڭ كۈنسايىن رەڭدارلىشىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق شارائىتتا چوقۇم سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىلغانلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى مۇقەررەر.

## VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشتە سىنارىيە مەسىلىسىمۇ ناھايىتى مۇھىم

هازىر VCD بازىرىدا مۇقىم ساندىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ئارتىستلار، سىنارىستلار، رېژىسسورلار قوشۇنى شەكىللەندى. لېكىن تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنو ئىشلەش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن باش كۆتۈرۈۋاتقان ساھە بولغاچقا ئۇلار بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ كىنو ئىشلەشكە، فىلىمنىڭ تارقىتىلىشىغا، مۇۋەپپەقىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىنارىيە مەسىلىسى يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلەندى.

شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى سىنارىيە ئامىلىنىڭ تاللىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. بازاردا بىردىنلا سىنارىيە سېتىپ جان باقىدىغان بىرقىسىم «سىنارىستلار» پەيدا بولدى. ھەتتا باققاللىق قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە بالىلارمۇ سىنارىستلار قاتارىغا قېتىلىپ كەتتى. ھەتتا بىر سىنارىست بۇ بازارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يېتىپ مەتتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر شەخسىي مەبلەغ سالغۇچى بىرەيلەندىن ئالدىراپ - سالدىراپ 12 مىڭ يۈەنگە بىر سىنارىيىنى سېتىۋېلىپ كېيىن ئۇنى ئىشلىتەلمەي زىيان تارتىپ يەنە قايتا بىر يازغۇچىغا يازغۇزۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇرۇن يازغۇچىلار نامرات ئىدى. نەشرىياتلارنىڭ تۆۋەن قەلەم ھەققى ئۇلارنىڭ سىياھ - قەغەز پۇلىغىمۇ يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ يازغۇچىلار ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بويىچە نامراتلىقتىن ۋايسىماي يېزىۋەردى. VCD بازىرى شەكىللەنگەندىن كېيىن شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن تېلېۋىزىيە فىلىمى يازىدىغانلارنىڭ قەلەم ھەققى ئۇچقاندەك ئۆرلىدى. ئەڭ ئاددىيسى دەسلەپكى فىلىملەرنىڭ سىنارىيىسى 1000 يۈەنگە توختىغان بولسا ھازىرقى سىنارىيىلەرنىڭ باھاسى سەككىز مىڭ، ئون نەچچە مىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇشقا يۈزلەنمەكتە، بۇ يازغۇچىلارنىڭ بىر ھېكايە ئۈچۈن ئالىدىغان 50 - 100 يۈەن قەلەم ھەققى ئالدىدا خېلى كۆپ پۇل، ئەلۋەتتە.

VCD بازىرىدىكى بۇ خىل پارتلاش يەنە پىلانلىق ئىگىلىك تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن، چەتكە قېقىلغان ياش كۈچلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ فىلىمنىڭ رېژىسسورى مۇرات بىردىن تالاشتا قالدى.

هازىر مەبلەغ سالغۇچىلار سىنارىيە مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتقان، سىنارىيىنىڭ رولىنى تونۇۋاتقان بولسىمۇ كەسىپ ئەھلىلىرىنى ياخشى تاللىيالماسلىق، ئۇچرىغان ئادەمگە تايىنىپ ئىش قىلىش ئەھۋالى ئېغىر، ئىلگىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان. نۇرغۇن مەبلەغ سالغۇچىلار مۇشۇ خىل ئەھۋال تۈپەيلىدىن زىيان تارتقان. كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئىچكىرىدە ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ئىجادىيەت مەركەزلىرى ئوڭشىدى. فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالى بىردىن ئۆزگەردى. ئىجادىيەت مەركەزلىرى تالانتلىق، ياش كۈچلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنى ئۆلچەملىك، ئېسىل سىنارىيىلەر بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن پايدىسى نەچچە يۈز مىليونغا يېتىدىغان فىلىملەر، قەلەم ھەققى نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان سىنارىيىلەر بارلىققا كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپ پايدا ئالدى. ئون يىلدىن بۇيان ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تېلېۋىزىيە بازىرى شۇ يوسۇندا مۇقىم تەرەققىي قىلدى، «ئارزۇ»، «دوك ۋەزىر لىيۇ يوڭ»، «دېلفىن تانسخانىسى»، «تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىشلار»، «شادىمان ئائىلە» دېگەندەك بازارلىق فىلىملەر مانا شۇنداق شەكىلدە بارلىققا كەلدى. بۇ فىلىملەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغانلىقىدا.

كوللېكتىپ ئىجادىيەتنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەر كاللىدا ھەر خىل خىيال ياكى كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ دېگەندەك بىرەيلەن كەم قويغاننى يەنە بىرەيلەن تولۇقلايدۇ. يېقىندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ شۇ خىل قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «تەڭرىتاغ ئىجادىيەت مەركىزى» قۇرۇپ ئىش باشلىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم ئېسىل سىنارىيىلەرنى بازارغا سېلىپ بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

## VCD پىلاستىنكىسى ۋە بازار ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى ھەل قىلىش ئەڭ ياخشى چىقىش يولى

«قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنىڭ بىردىن شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەب زادى نەدە؟

بۇ فىلىمگە مەبلەغ سالغۇچى ۋاھىتجان ئوسمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىي.

ئۇ 90 - يىللاردا سودا قىلىشقا كىرىشىپ سودا دۇنياسىدىن ئىبارەت سىرلىق كوھىقاپنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىغان. بىر قىسىم سودىگەرلەر VCD پىلاستىنكىسى ئىشلەشكە باشلىغاندا ئۇنىڭ كاللىسىدىمۇ بۇ ساھەدە بىرەر ئىش قىلىپ بېقىش ئويى پەيدا بولغان. VCD سودا بازىرىدىكى رىقابەت ۋە كەڭرى تەرەققىيات بوشلۇقى ئۇنى بۇ ساھەگە سۆرەپ كىرگەن.

ۋاھىتجانغا شۇ نەرسە مەلۇم ئىدىكى، ئۇ ئەدەبىيات كەسپىدە بەش يىل ئوقۇغاچقا خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى چۈشىنىش، مىللىي مەدەنىيەتتىكى يوشۇرۇن قۇۋۋەت ئامىللىرىنى يۇرىكى تۇياتتى.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار مىللەت. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك سەنئەت ھۇجەيرىلىرى يوشۇرۇنغان. سەنئەتسىز بىر كۈن ياشاش ئۇلار ئۈچۈن ھارام. سەنئەت مەدەنىيەت دېمەكتۇر. مەدەنىيەت دېمەك ئىنسانىنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم بەلگىدۇر.

ۋاھىتجان نۇرغۇن تەييارلىق، نۇرغۇن ئويلىنىشتىن كېيىن VCD بازىرىغا قەدەم قويدى.

ئۇنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشى بازار قانۇنىيىتى بىلەن خېرىدارلار پسىخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزىتىش. خەلقنىڭ ئىستېمالدىكى بوشلۇق ۋە يۆنىلىشلەرنى ئىگىلەش بولدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا مەلۇم توغرا تەھلىللەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمنى باستى. ئەمدىكى مەسىلە سىنارىيە مەسىلىسى ئىدى. چۈنكى سىنارىيە بىۋاسىتە ھالدا ئەسەر مۇۋەپپەقىيىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ مەشھۇر يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئۇيغۇر پسىخىكىسىنى قېزىپ يېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەشھۇر ھېكايىسى «قىرلىق ئىستاكان»نى تاللىدى. بۇ ئەسەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندا ناھايىتى زور داغدۇغا قوزغىغان، كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەنىدى. كېيىنكى جەريانلار كىتابخانلارغا مەلۇم. قىسقىسى «قىرلىق ئىستاكان» VCD پىلاستىنكىلىرى بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان پىلاستىنكا بولدى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقانلارنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسى، سەزگۈرلۈكى، بەدىئىي دىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

VCD بازىرى ئۇيغۇر بازىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بازار ئەمەس. شۇنداق بولسا بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ، ناۋادا بۇ بازارنىڭ چېگراسى مىللىتىمىز بازارلىرىدىن ھالقىيالىسا، چەت ئەلگە كېڭىيىشىنى قويۇپ تۇرايلى، خەنزۇ بازارلىرىدىن ئورۇن ئىگىلىيەلىسە مەبلەغ سالغۇچىلاردىن تارتىپ رېژىسسور، ئارتىسلارغىچە، سىنارىستلارنىڭ قولىغا كەلتۈرىدىغان بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەت مىسلىسىز بولىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر فىلىم ئىشلىگۈچىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر فىلىمدە 400 - 500 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىۋاتقان بولسا، مەملىكەت بازارلىرىغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغدا ئالىدىغان پايدىسى ئون - يىگىرمە ھەسسە قاتلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزدە شۇنداق قىلىشقا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بارمۇ؟ بار.

بىرىنچىدىن، بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىمىزگە خاس ئۆزگىچە، سىرلىق، ھاياتىي كۈچكە باي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىللىي، ئۆرپ - ئادىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مىللىي روھىمىز ئاجايىپ دۇنيا، چەكسىز بايلىق دۆۋىسى، بۇ ئامىللار يەنە ھەقىقىي سەنئەتنىڭ جېنى. سەنئەت شۇ ئامىللار ئارقىلىق ئاندىن ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. مىسالى خەنزۇلارنىڭ خەلقئارا زور تەسىر قوزغاپ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كونى «قىزىل قوناقلىقتا» نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىرمۇ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي روھنى قېزىشتا. رېژىسسور جاڭ يىمۇ بۇ نۇقتىنى بىلگەچكە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە جۇڭگودىكى ئەڭ بازارلىق رېژىسسورغا ئايلاندى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزگىچە تاغ - دەريا، تەبىئەت مەنزىرىسى ئامىلى، شىنجاڭنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئېسىل كىنولارنى ئىشلەشكە مۇۋاپىق ھەرقانداق ئامىلنى تېپىش مۇمكىن، مىسالى چۆل دېسىڭىز دەرھال دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ چۆللەردىن بىرى تەكلىماكانغا بارغىلى، تاغ دېسىڭىز، ئورمانلىق، تاقىر تاغلارنى تاپقىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئارتىس، رېژىسسور، بەدىئىي دىت ئامىلى. بىزدىكى ئەڭ نوچى كوزىر ئارتىس ئامىلىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي - تۇرقىدىكى مەپتۇنكارلىق، ئۇلاردىكى كېلىشكەن قەددى - قامەت، ئوتتۇرا تۇزلەڭ كىشىلىرىدىن كەم تېپىلىدىغان تىرە ۋە خاراكتېر ئۇيغۇر فىلىملىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىدا ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئاساستۇر. رېژىسسور مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ قويۇق سەنئەت مۇھىتى ئاستىدا سەنئەتتىن ئوزۇقلىنىپ چوڭ بولىدۇ. بەدىئىي دىت مەسىلىسىدىمۇ بىز ھەرگىز ھېچقانداق مىللەتتىن كەم تۇرمايمىز، ۋۇجۇدىدىمىزدىكى سەنئەت گېنى ھەرقانداق چاغدا تەرەققىياتنىڭ ئاكتىپ ئامىلىغا ئايلىنالايدۇ.

**ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سودىغا نىسبەتەن ئۈچۈر قارىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ.**
**بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىش ناخشا بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.**
**ئىككى ئۇنۇم كۆزقارىشى ئايدىڭلىشىدۇ.**

## يېڭى ئەسىر ساداسى قۇلاق تۈۋىمىزدە ياڭرىماقتا

دەۋر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، پەن - تېخنىكا ئارقىدا قالغۇچىلارغا باقمىغان ھالەتتە توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئەتە ئۈچۈن سۆز ئېچىش ئالدىراقسانلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سودىغا نىسبەتەن ئۈچۈر قارىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. بۇ، بىزنىڭ زامانىۋى سودىغا يۈزلەنگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. زامانىۋى دۇنيا مۇقەررەركى، زامانىۋى سودىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىكى VCD سودىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىش ئەھۋالىدىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتقا ماسلىشالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىزدە ھازىر ناخشا، مۇزىكا قاتارلىق بىرقانچە ژانىر بىلەنلا چەكلىنىش ئېغىر بولماقتا. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىش تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنوچىلىقتا كۆرۈلىدۇ. بىز تولىمۇ يېتەرلىك تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە، بىزدە بىر ئەۋلاد پىشقان كىنو ئارتىسلىرى، تالانتلىق رېژىسسورلار قوشۇنى، شۇنداقلا ئىقتىدارلىق ئاپتورلار قوشۇنى بار. بىز چوقۇم يېڭى يول بىلەن ئۇلارنى قېزىپ، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرگىنىمىزدە، بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سىنارىيە يازغۇچىلار گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئەمما بۇ يول تېخىمۇ كۆپ سىنارىيە يازغۇچىلىرىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ تۈر ئەلۋەتتە كۆپ مەبلەغ، كۆپ ۋاقىتقا تايىنىدۇ. شۇنداقلا كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.

يېڭى ئەسىر ساداسى قۇلاق تۈۋىمىزدە ياڭراۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بىزمۇ يېڭى يول بىلەن يېڭى نەتىجە يارىتىپ يېڭى ئەسىرگە خۇشال كىرسەك بولمامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆزلەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇرلار شۇغۇللىنىۋاتقان VCD پىلاستىنكا سودىسى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سودىسىنىڭ 1/1000 گە توغرا كەلسىمۇ، ئەمما كېڭىيىش، تەرەققىي قىلىش، ئومۇملىشىش دەرىجىسى تېز بولۇۋاتىدۇ. بىز گەرچە بۇ سودىدا باھا پەرقىدە يېتەرسىزلىككە ئىگە بولساقمۇ، ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەت، بازارغا ئەگىشىپ بۇ پەرق ئاستا - ئاستا بازار سەھنىسىدىن ئايرىلىدۇ. ھازىر بىزدە ھەقىقەتەن كۆپەيتىپ بېسىش ئۈسكۈنىسى يوق بولغانلىقتىن، نۇرغۇن پۇللىرىمىز ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىغا ئېقىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىنمۇ، ھازىر سودىگەرلىرىمىزنىڭ تېخى بۇ ئىشقا باش قاتۇرغىنى يوق. ئەمما يىراق

بولمىغان كەلگۈسىدە بۇ چوقۇم بىزنىڭ بازىرىمىزدا پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. بىزنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئۇچۇر قىممىتى تۆۋەن، ئىقتىسادىي كەمچىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ سودا شەخسلەر قولىغا مەركەزلىشىۋاتىدۇ. شەخسلەر بۇ يول بىلەن مەدەنىيەت بازارلىرىنى جانلاندۇرۇۋاتىدۇ.

ئەقلىي تەۋەككۇلچىلىكنى ئۆزىگە مەشئەل قىلغان ئۇيغۇرلار بۈگۈن ۋە ئەتە بۇ بازارنى تېخىمۇ يېڭى كۈچكە ئىگە قىلىپ، كىشىلەرگە تېخىمۇ يېڭى مەنىۋىيەت ئاتا قىلىدۇ.

**«قىرلىق ئىستاكان»نى كۆرۈش مودىغا ئايلاندى. بۇ فىلىمنى ئىشلىگۈچىنىڭ ئېيتقانلىرى. ھەممە كىشىنىڭ بۇ فىلىمگە بەرگەن باھاسى يۇقىرى بولدى**

## «قىرلىق ئىستاكان» كارامەت

«قىرلىق ئىستاكان» - ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى پەللە ياراتقان مەشھۇر يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ئاڭ قاتلاملىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئارقىلىق زور دەرىجىدە بەدىئىي ۋە ئەقلىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە يۈكسەك شان - شەرەپكە ئېرىشكەن ھېكايىلىرىنىڭ بىرى. ئەينى ۋاقىتتا ھېكايە ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ھەرخىل سورۇنلاردا قىزغىن بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغانىدى. بىر قارىسا كومېدىيىنى، بىر قارىسا تراگېدىيىنى ئەسكە سالىدىغان، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدىن تراگېدىيە گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان بۇ ھېكايە پېرسوناژلىرىغا ئېنىق قىلىپ ئىجابىي ۋە سەلبىي تامغا ئۇرۇلغان. سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ئېنىق، ئاخىرىدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغان ھېكايىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى.

بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بۇ ھېكايىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ھېكايىنى ياخشى كۆرىدىغان، ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى، ئېغىر ۋەزنىنى چۈشىنىدىغان نۇرغۇن زىيالىيلار ئۆزلىرىگە «قانداق بولاركىن؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقانىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: ھېكايىنىڭ ۋەزنى خېلىلا ئېغىر بولۇپ، ئۇنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقىش، ھېكايىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ساپاسى بىلەن يورۇتۇپ بېرىش، ئۇنى ھەر جەھەتتىن چەكلىك بولغان شارائىت ئاستىدا تاماشىبىنلارغا ھەم بەدىئىي، ھەم ئەقلىي زوق ئاتا قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ فىلىم ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ نە رېژىسسورلۇقتىن، نە ئارتىسلىقتىن خەۋىرى بولمىغان بىر ئادەم ئۆز مەبلىغى بىلەن ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ فىلىم تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، بىر مەيدان قاتتىق زىلزىلە قوزغىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنى كۆرۈش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مودىغا ئايلاندى. قەيەرگە بارسا، ئىدارە - جەمئىيەت، ئىشخانا، ئۆي، ئولتۇرۇش، يىغىلىشلاردا «قىرلىق ئىستاكان» توغرىسىدىكى قىزىق بەس - مۇنازىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى بۇ فىلىم ئىشلىنىۋاتقاندا، «ھەي، قانداق بولاركىن؟» دەپ ئۆزلىرىگە گاڭگىراش ئىچىدە سوئال قويۇشقانلار، ئەمدىلىكتە «قىرلىق ئىستاكان»نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭۈللىرىدىكى ئەندىشىلەرنىڭ بىردىنلا تارقاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. كىشىنى ئالدى بىلەن قايىل قىلىدىغىنى رېژىسسورنىڭ پاراستى ۋە ماھارىتى بولدى. فىلىمدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، رېژىسسور «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ھېكايىدىكى تەپسىلاتلار بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھېس - تۇيغۇلارنى ئېكران يۈزىدە ئىپادىلەشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. فىلىمدە ئارتىسلارنىڭ ناھايىتى جايىدا تاللانغانلىقى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئارتىسلار فىلىمنىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشىدە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. بولۇپمۇ فىلىمدىكى بۇ تۆت ھاراقكەشنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىكىسى، مىجەز - خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى ئارتىسلارنىڭ چىراي - شەكلى، بوي - تۇرقىغا تولىمۇ ماس كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى كۆرۈنۈشلەردىكى ئۆزگىچە ھالەتلىرى، قىلىق ۋە چىراي ئىپادىسى قويۇق تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە بولغان سەنئەت ئۆرنەكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. فىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئەمدى بىز «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمىنى ئىشلىگۈچى ۋاھىتجان ئوسماندىن بۇ فىلىمنىڭ جەريانىنى ئاڭلاپ باقايلى:

- مەن VCD پىلاستىنكىسى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىرەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەپ بازارغا سېلىشنى ئويلىدىم. چۈنكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تولىمۇ بوش ساھە ئىدى. دەسلەپتە «قانداق بولار؟» دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدىم، كېيىن «بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالىسام ئۆزۈمنىڭ شورى» دېگەن نىيەتكە كەلدىم-دە، «قىرلىق ئىستاكان» ھېكايىسىنى ئىشلەشكە كىرىشتىم. بۇنى ئالدى بىلەن ئىشلەشتىكى مەقسەت، مەن بۇ ئەسەرنى ياقتۇرىمەن. بۇ ئەسەرنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئازلىقىنىمۇ بىلىمەن. بۇ ئەسەرنى ئۇ يېرى ئۇنداقكەن، بۇ يېرى مۇنداقكەن، دېگۈچىلەرمۇ بولغان، ئەمما بۇ ئەسەرنى ئومۇمىي خەلق ياقتۇرىدۇ. بۇ ئەسەر قارىماققا ناھايىتى كۈلكىلىك كومېدىيىدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەردە ناھايىتى چوڭقۇر ئىچكى تراگېدىيە بار. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ياخشى ئەسەر. شۇڭا بۇ ئەسەرنى ئىشلىدىم. ئەسەر ئەمەلىيەتتە مېنىڭ شۇ چاغدىكى فىلىم ئىشلەش ئىقتىدارىمغا نىسبەتەن ئېغىر ئىدى. ئېغىر يېرى، بۇ ئەسەردە پىكىر ناھايىتى چوڭقۇر. دەسلەپتە قىلغان ئىش بولغاچقا، ئاتاقلىق ئوپېراتور، رېژىسسور، كومپوزىتور ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپ ئىشلەش تەسكە توختايتتى. شۇنداق بولسىمۇ «چوقۇم ئىشلەيمەن» دېگەن قەتئىي ئىرادە بىلەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا بىرى، ئەسەرگە تاللىغان ئارتىس ناھايىتى مۇھىم ئىكەن، بۇنى رېژىسسور ئىككىمىز تاللىدۇق. بىز ئارتىسلارنى كىشىلەر فىلىمنى كۆرمەي تۇرۇپلا تۆت ھاراقكەشنى بىر قاراپلا تونۇۋالالايدىغان قىلىپ تاللىدۇق، يەنى پىسخىكا، كىيىم-كېچەك، ئۇستىخان قۇرۇلۇشىغىچە ناھايىتى ياخشى رول ئېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىشلىنىپ چىققان بولدى. فىلىم ئىشلىنىپ بىر ھەپتىگىچە دەسلەپتە نەشر قىلغان پىلاستىنكىلار پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى.

فىلىم ئىشلىنىپ بازارغا سېلىندى. لېكىن ھازىرغىچە فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىغا قارىتا تېخى باھا بېرىلمىدى. ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ تۇردۇق، ئەمما گېزىت-ژۇرناللاردىن تەشۋىقاتنى كۆرمىدۇق، كىنوچىلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئىشلەتكەن رېژىسسور تۇنجى بولۇپ ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا رېژىسسورلۇق قىلىشى، ئىلگىرى ئۇ ئوپېراتور بولغان، ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولغاچقا، باشتىن-ئاخىر ياخشى كۈچ چىقاردى ھەم فىلىمنى ئۆزى كىرىشتۈردى. بۇ فىلىمنى ئۈرۈمچىدە ئىشلەشمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۆزۈم ئاقسۇلۇق بولغاچقا، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى قولايلىقلارنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ فىلىمنى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندا ئىشلىدۇق. غۇلجىدا ئىشلىگەن بولساق تېخىمۇ ياخشى چىققان بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا تۇرمۇشى ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇچتۇرپاندا ئىشلەشنى لايىق تاپتۇق. مۇھىتنىڭ بىر فىلىمگە نىسبەتەن تەسىرى ناھايىتى زور بولىدىكەن. شۇڭا پەقەت تۆت ھاراقكەش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن مۇھىتنى ياخشى تاللىدۇق.

فىلىمنىڭ مۇزىكا، ئاۋاز، ئۈنۈم جەھەتتىن بولسۇن، كەسپىي خادىملارمۇ ئاغزاكى ھالدا ياخشى باھا بەردى. بۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئوبزورچىلار، سەنئەتكارلار ئۆز خاھىشى بويىچە باھالاپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىشلار كېيىنكى چاغلاردا چوقۇم يۈز بېرىدۇ. بۇ فىلىم بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا سېتىلدى. فىلىم بازارغا سېلىنىپ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىككى ئۈنۈم يارىتىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ ساھەگە مەبلەغ سالغۇچىلارنى چوقۇم نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمىسا شاللىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويدى ھەم ئۆزىنى چاغلايدىغان پەيت بىلەن تەمىن ئەتتى. يەنە بىرى، بۇ فىلىم بۇنىڭدىن كېيىن نادىر ئەسەرلەرنىڭ چوقۇم قىممەت يارىتالايدىغانلىقىغا ئۈلگە بولۇپ بەردى. شۇڭا نۇرغۇن VCD پىلاستىنكىسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىگۈچىلەرنى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلىگەندە، «مۇشۇنى پەللە قىلىپ، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئۈنۈم يارىتالىغاندىلا بازار تاپالايمىز» دېگەن قاراشقا ئىگە قىلدى. بۇ فىلىم ھەممىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز بىۋاسىتە ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەنە شۇنداق فىلىملەرنىڭ يەنىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە تەشنا بولىدۇ.

# ئۇزاق كېچە

(ھىكايە)

ئەختەم ئۆمەر





ئەختەم ئۆمەر 1962 - يىلى تۇغۇلغان. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدىن. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇپېرا ئۆمىكىنىڭ دراما يازغۇچىسى. ئۇ ئوقۇتقۇچى، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدا شۇجى، دىكتور، كەسپىي يازغۇچى ۋە سىنارىست بولغان.

«قان رەڭ جىلغا» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئەسەرلىرى ياپون، نېمىس، ئىنگلىز، قازاق، قىرغىز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1998 - يىلى گېرمانىيىدە نەشر قىلىنغان «دۇنيا يېڭى ئەدەبىيات قامۇسى» نىڭ 22 - تومىغا ئۇنىڭ تەرجىمھالى ھەم بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى كىرگۈزۈلگەن.

1

چۈشتىن بۇرۇن دۈشمەنىنىڭ زەھەرخەندە كۈلكىسىدەك ئېچىلىپ تۇرۇپ كۈن چىققانىدى. ھەممە جاھان يورۇپ تۆت ئەتراپتىن بۇ شەھەرنى قاپساپ ياتقان تاغلاردىكى كوسىنىڭ ساقىلىدەك ئۇ يەر - بۇ يەردە يوقىلاڭ ئۆسكەن قۇرۇق ئوت - خەسلەرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياش شۇنچىلىك پاكىز يورۇتقان تۇمانسىز، بۇلۇتسىز سۈزۈك ئاسماندىن قۇياش نۇرى توسالغۇسىز ھالدا دائىم گۈندىپايىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ جۇت ھەم تۇتۇق چىراي تۇرىدىغان شەھەرنىڭ قاپىقىنى ئېچىپ كۈلدۈرۈۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بولمىسا قىشى ئەڭ ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن قىشتا قارلىق تۇتقان ھازىدار ئادەمدەك دائىم قايغۇ چىراي، مۇز تەلەت تۇرىدىغان، بىراقلا قىش بولۇپ، يەنە بىراقلا تۇمۇز بولىدىغان ئۆزگىرىشچان پەسىللىك بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا بىرنېمە دەپ بولمايتتى. ئەمما كۈلۈپ تۇرۇپ جاندىن ئۆتكۈزۈپ چېقىۋالىدىغان ئىچى كۆيۈك ئادەمدەك ئاپتاپلىق سەھەردىكى سوغۇق، ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇلاقنىڭ گەردىشىگە گۇناھسىز مەھبۇسلارنىڭ تىرنىقىغا يىڭنە تىقىپ يالغاننى راستقا ئىقرار قىلدۇرىدىغان ياۋۇز سوراقچىلاردەك جۇتنى تېگىپ سانجىيتتى. چۈشكە يېقىن بىر توپ قېرى بەگلەرنىڭ يوغان بۇرۇنلىرىدىن توختىماي چىقىدىغان ئىستەك شەھەرنىڭ ساناقسىز بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىدىن چىققان ئىس بىلەن قارا قىشنىڭ سوغۇقىدا ئۇيۇغان شەھەردىن ھوردىلىپ كۆتۈرۈلگەن ئاق

www.uyghurkitap.com



تۇمان قوشۇلۇپ، شەھەر يەنە تۇتۇلۇپ چۈشتىن كېيىن بىراقلا قاراڭغۇچىلىق بېسىپ كەتتى. كەچ بولۇشتىن خېلى بالدۇر بولسىمۇ بىراقلا كېچە بولۇپ كەتكەندەك، يولدا توختاۋسىز قارا چۈمۈلىلەردەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارمۇ تۇتەك - تۇمان دەستىدىن چىراغلىرىنى يېقىۋېلىشتى. ئەمدى بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى غەپلەت باسقان قەبرى خامانچىدەك مۇگدەپ ياتقان تاغلار تۇمان ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالدى. پۈتۈن يەر شارىدا كۈندۈزى يورۇق بولسا بۇ شەھەردە كۈندۈزدىمۇ كېچە بولماقتا ئىدى. تىلمان بالكون دېرىزىسىدىن ساناقسىز بىنالارنىڭ غۇۋا يورۇق دېرىزىلىرىگە قاراپ تولا خىيال قىلىپ، شەھەرنى ئۆزىچە شۇنداق كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ كەتتى. ئۆيدىن سوغۇق بالكوندا يالاڭلا تۇرۇپ توڭلىمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئەتىسىز تارمۇچ بولۇپ قارا قاتقان بەدەنلىرى ئىچ - ئىچىدىن قىزىپ، مۇزدەك بولۇپ كەتكەن مىنېرال سۇدىن ئۈچ بوتۇلكىنى ئىچىپ بولدى. ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلىشى بىلەن يۈرىكى جىغىلداپ دەرھال بالكوندىن قاڭقىپ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئايالى ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ سىرتتا تۇرۇپلا چىرايلىق قارا پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ ئايىغىنى سالماقتا ئىدى. ئاياغىنى سېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆي ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ ھېجىيىپ تۇرغان ئېرىگە قاراپ تەبئىي تۇرغان شەھلا كۆزلىرى ئەيىبلەش ھەم نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

- بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسىغا پەقەت ئىشەنگىلى بولمايدۇ - ھە. ئەتىگەن شۇنداق ئوچۇقتى، بىردەمدىلا بۇزۇلۇپ، تۇتۇلۇپ كەتتى، - دېدى تىلمان يالۋۇرغاندەك ئۆيگە كىرىپ پەلتوسىنى سېلىۋاتقان ئايالىنىڭ پەلتوسىغا قول ئۇزىتىپ.

- بولدى تۇتماڭ. ھاۋاسىغا ئوخشاشلا ئادەملىرىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ھاۋاسىغا ئوخشاش بىر كۈندە مىڭ خىل ۋەدە قىلسىمۇ بىردە تۇرمايدۇ.

ئايالىنىڭ چىرايلىق گىرىم بىلەن پەردازلانغان يۈزلىرى غەزەپتىن بىر قىزىرىپ، بىر ئېسىلىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. ئېگىز بىناغا چىقىپ بولغۇچە تىنىقلىرى يېتىشمەي ئاران چىققان چوكان ھازىر غەزەپتىن تېخىمۇ تىنالماي قالدى.

- كىم ۋەدىسىدە تۇرماپتۇ؟

- سىزچۇ. ئەتىگەن نېمىدەپ ۋەدە قىلغان؟

- ئىشقا بارىمەن دېگەن شۇ، باردىمغۇ. تېخى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا كېلىپ تۇرسام سىز كەلدىڭىز.

- تولا جېنىمغا تەگمىگە. بۇرۇن يالغانىنى خېلى قاملاشتۇرۇپ توقۇپ مېنى ئالدىيالايتتىڭىز. تۈرمىگە كىرىپ يوق يەۋالدىڭىزمۇ ئەقلىڭىزمۇ قالماپتۇ. ئەتىگەن بىر چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، غىزالاندۇرۇپ بالىنى يەسلىگە ئاپىرىپ بولغۇچە كېچىكىپ قالىمەن دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتسەم، ئەتىگەن پايپاقسىز قالغان ئادەم ھازىرغىچە پايپاق مەن قويغان جايىدا، ئاياغمۇ مەن مايلاپ قويغانچە تۇرۇپتۇ. ئىدارىگە يالاڭ ئاياغ باردىڭىزمۇ يا؟ مېنى ئالدايمەن دېمەڭ... سىزنى تۈرمىدىن ئاچىقىپ بولغۇچە ئاتا - ئانىڭىز، مەن، ئاتا - ئانام قانچىلىك يوللارنى ماڭدۇق، قانچىلىك پۇل خەجلىدۇق . مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم. ئىدارىڭىزگە قايتا ئىشقا ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرگىچە بىز باشلىقلارغا قانچىلىك يېلىنمىدۇق. نېمانداق باغرى تاش ئادەمسىز؟! ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمىسا، ئاتا - ئانىڭىزغا، بالىڭىزغا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ؟ ئىدارىڭىزنى ئىشقا ئېلىشقا كۆندۈرۈشكە مەن نېمىلەرنى قىلمىدىم، نېمىشقا ئازراقمۇ ۋىجدانىڭىز قاينىمايدۇ؟ مېنىڭ كېچىچە شۇنچە يالۋۇرغىنىم قېنى؟...

ئايالى سۆزلىگەنچە بوغۇلۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى دۈم تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. تىلمان پايپاقسىز پۇتىغا قاراپ گەدىنىنى قاشلاپ ئېڭىكىنى خەپلەپ كوتۇلدىدى.

- ئەستاغپۇرۇللا، ما كالتە ئەقلىمنى. پايپاق كىيمەپتىمەن - ده! پايپاق - كەشمنى كىيىپ تالادا بىر لاغايلاپ، ئاياغنى لاي قىلىپ كىرگەن بولسام بىلىپ قالماسكەن ماۋۇ ساراڭ خوتۇن. ئەمدى قانداق قىلىپ ئاغزىنى باسارمەن بۇ ۋاتىلداقنىڭ.

تىلمان ئايالىغا قىلىدىغان گەپ تاپالماي ئۇنىڭ دوم يېتىپ يىغلاشلىرىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، كالللىسغا ئايالىنى بەزلەيدىغان هېچ گەپ كەلتۈرەلمەي، بېشىنى چاڭگاللاپ ئىزىغىلا زوڭ ئولتۇردى. تىزىنى قۇچاقلاپ مۇشۇنداق ئولتۇرسا ئىچىدىن بىخسىپ چىقىۋاتقان ۋەسۋەسە ئارىلاش بەڭگىنىڭ خىيالى ئارام تاپقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ توختىماي ياشاڭغىراپ يىرىڭدەك چاپلاشقان قىزىل جىيەك كۆزلىرى دوم ياتقان ئايالىنىڭ هەر قېتىم ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىغانلىرىدا لىغىلداپ هەۋىسىنى قوزغايدىغان ساغرىسىغا هالىدىن كەتكەن ئىشتىهاسىز قېرى ئىتتەك خۇنۇك تىكىلىپ قالدى. چەكمەستىن ئىلگىرىكى نورمال يىگىتلىك چاغلىرىدا ئايالى مانا مۇشۇنداق تەسەللىگە هاجەت بولغان ئالتۇن چاغدا، پاقلان بولغان كېيىك بالىسىنىڭ سۆڭگىچىگە چاپلاشقان ئاچ بۆركۈتتەك ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى. خروئىن ئۇنىڭ بارلىق تىنىمسىز ئەركەك قۇۋۋەتلىرىنى قېرى قاسساپ قوينىڭ ئاچچىق ئۈچەيىنى سىيرىغاندەك سىيرىپ ئەكېتىپ، بەئەينى لەش بولۇپ كەتكەن ئاچچىق ئۈچەيگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بىر يىل تۈرمىدە يېتىپ ئايال زاتىنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق، پىچىۋەتكەن ئىرىكتەك قورسقى تويسىلا كۆشەپ خوتۇنىغا سۆڭگىچىنى چىقىرىپ ياتقىنى ياتقانىدى. چەكمەستىن ئىلگىرى ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتسىلا نەپسى تاقىلداپ قانات پۇتلاپ تۇرالمايدىغان قىزىل تاجىلىق خورازدەك غالجىرلىقى مەڭگۈلۈككە يوقالغاندەك ئىدى. تۈرمىدىكى قۇۋۋەتسىزلىك ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچىنى خورىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئايالى رىزۋان بارلىق قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئۈچ ئايدىن بېرى باقتى. هېچ سادا بولمىدى. ئۇنى ئۇنتۇلماس رىشتىگە ئىگە قىلغان ئەينى چاغدىكى تىلماننىڭ ئەرلىك جاسارىتى ئىدى. تەكلىماكاننىڭ ئەتىيازدا توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان خادا قۇيۇنىدەك ئەرلىك جاسارىتىدىن رىزۋان خۇدىنى يوقىتىپ ئاغزىدىن قانداق مەدھىيىلەرنىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى. ئاغزى قۇرۇپ، تىلى چاكىلداپ هوشسىز لايدەك يېتىپ كېتەتتى. توقسان كۈن بېقىپ ئۇنى ئەر كىشىگە ئايلاندۇرالمىدى. قارىسا ئەر كىشى، ئەمما هازىر ئايالغىمۇ، ئەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان، ئادەمگىمۇ ئوخشىمايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئېلان قىلىنغان يەرلەردىن دورا ئەكېلىپ يېگۈزدى، مايلىدى، پۈركىدى. هاياتلىقتىن دېرەك بولمىدى. يەر ئاستى سودا سارىيىدىكى هاياسىز سودىگەر چوكانلار بىر توپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا شەرمى ساز بولۇپ چۈشەندۈرۈۋاتقان يالغان دورىلاردىنمۇ ئالدى. ئايالىنىڭ تەبىئىي تەڭشىكى مەڭگۈلۈك غايىب بولغانىدى. تىلماندا بۇ كېرەكسىزلىك ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغان، هار ئالىدىغان ئار - نومۇس روهى خۇددى بۇرۇنىمۇ بولۇپ باقمىغاندەك ئۆز خىيالى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرەتتى. بۇ تولۇق يوقىلىش، بىر پۈتۈن سۈزۈك جەڭگىۋار ئەرلىك جاسارەتنىڭ غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى ئىسكىلىتى، ئىت يېمەيدىغان سېسىق سۆڭىكى بىلەن گۆشىلا قالغانىدى. ئۇنىڭدىكى ئىنسانلىق روھ تولۇق چىقىپ كېتىپ هايۋان روهىمۇ قالمىغانىدى. قۇشقاچ ئۇۋىسىنى، هەمراهىنى قورۇيدۇ. هەتتا ئۆمۈرلۈك غالچىلىققا كۆنگەن ئىتمۇ يالىقىدىن قىزغىنىدۇ. جۇپىسىرىغاندا، هەمراھ تاپقاندا خوجىسىنىمۇ تالايدۇ. ئەمما تىلماندىن ئۇنداق روھ چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. بۇ روهنى كىم ئەكەتتى؟ تۈرمىدىكى زەهەرلىنىشمۇ، تۈرمىنىڭ سىرتىدىكى زەهەرلىنىشمۇ، بۇنى تىلمان ئويلاپ باقمىدى.

uyghurkitap.com



رىزۋان يىغلاپ - يىغلاپ ئۆزى توختاپ ئېرىگە نەزەر سېلىپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ خىياللارنى قىلدى. تىلمان زوڭ ئولتۇرۇپ ئايالىغا مۆردىدەك تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. رىزۋاندا كەلكۈندەك ئېتىلىپ كەلگەن بىر نەپرەتلىك تەلۋە كۈچ پەيدا بولۇپ، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئېرىنىڭ كۆكىرىپ تارمۇچ بولۇپ كەتكەن يۈزىگە تەستەك بىلەن سالدى. زوڭ ئولتۇرغان تىلمان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى زەيدەپ كەتكەن كونا قەبرىنىڭ پۇچۇق تېمىدەك ئىزىغا موككىدا يىقىلىپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتتى. ئاغزىدىن ھېچبىر زۇۋان چىقمىدى. رىزۋاندىكى نەپرەتلىك غەزەپ بىر سىيرىلىپ پۇشايمان، ئىچى ئاغرىشقا ئايلىنىپ تىلماننى يۆلەپ باغرىغا بېسىپ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە پۈتۈن مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن سۆيدى. تىلمان يەنىلا ماگىزىنچى خېنىمنىڭ قولىدىكى رېزىنكە مودىلدەك ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئۈنسىز تۇراتتى. رىزۋاننىڭ تېخىمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن تىلمانغا ئالىيىپ قاريالمايتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

تىلمان ئۈنسىز قاراپ تۇردى. رىزۋان يالۋۇردى.

— مەن خۇش بوپ كېتەي، بايىقىدەك بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىڭا! نېمە دېسىڭىز مەيلي، — تىلمان ئاغزىنى مىدىرلىتىپ يەنە توختىۋالدى.

— نېمە دېسىڭىز دەڭ. گەپ قىلىڭا، — رىزۋان داۋاملىق يالۋۇردى.

— ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ... دەردىڭىزنى چىقىرىۋېلىشىڭىزغا مەندە تۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق. پۇخادىن چىققۇچە ئۇرۇڭ... نېمە قىلسىڭىز مەيلي. مەن تۇرۇپ بېرىمەن. كارغا كەلمەيدىغان ئادەمگە جاھاندىكى ھەممە خورلۇق، ئىت كۆرمىگەن زۇلۇملارغا كۆنۈش، چىداپ تۇرۇپ بېرىشتىن باشقا ئامال يوق. تۇرمە سىرتىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇش، قىيناش، ھاقارەت، خورلۇقلار ئادەمگە سۆيۈپ قويغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن ھەممىگە كۆندۈم...

رىزۋان كۆزلىرىدىن تىرىك ئادەمنىڭ روھى ئۆچكەن، ئۆلۈك گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقان ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. خىيالىدا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان كالتە پەملەر كەچتى. ئۇنىڭ يەتمىش بىر كىلو سۆڭەك، گۆشتىن پۈتۈلگەن بىر مېتىر يەتمىش توققۇز سانتىمېتىرلىق تېنىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەن ئادەملىك روھىنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن. ئۇنىڭ مۇشۇ چىرايلىق ئۈستىخىنىغا قاچىلانغان سۈزۈك سۇدەك پاك روھىنى، بۇلغانغان مۇھىت بىر تال قارىمۇقچىلىك نىجاسەتنى تاشلاپ ئاۋۋال ئۇنىڭ روھىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ خىرۇستالدەك سۈزۈك بەدەن شىشىسى ئىچىدىكى بۇلاق سۈيىنى نىجاسەت سۈيىگە ئايلاندۇردى. بۇ پاسكىنا سۇ قايناپ تېشىپ تۆكۈلۈپ تۈگىدى. يەنە قاچىلاندى. بۇ نىجاسەتنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ نىجاسەت يۇقۇندىسى چاپلىشىپ كەتكەن بەدەنلىرىنى قايتا - قايتا يۇيۇپ تازىلاپ ئەسلىدىكى پاكىز شىشە ھالەتكە كەلتۈرۈپ، قايتىدىن پاكىز سۇ قاچىلاش كېرەك. ئۇنىڭ پاكىز ئادەملىك روھىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە يۇندا ئورىكى تازىلايدىغان ئىشچى بولۇشۇم كېرەك. چىدىمىسام بولمايدۇ. يۇندا ئورىكى تازىلىغان ئادەم تازىلاش جەريانىدا نىجاسەتلەر پاتقىقى ئىچىدە پاتقاق كەچمەي ئامال يوق. ئۇنىڭ نىجاسەت تولۇمىغا ئايلانغان گەۋدىسىنى چوقۇم ئەسلىدىكىدەك پاكىز شىشە ھالىتىگە ئەكېلىمەن. نىجاسەت كۆلچىكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ پوق - سۈيدۈكلىرىنى تۆكۈپ ئادەتلەنگەنلەر يۇندا تۆكىدىغان ئورەكتىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىز چىدىمايدۇ ھەم يول قويمايدۇ. سۇنئىي بىرلەشكەن دۈشمىنى بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ ئۆز مەنپەئەتىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. بۇ كېسەل ئادەمنىڭ كېسەلدىن -زارلاپ

دوختۇرخانىغا بېرىپ يېتىپ يەنە كېسىلى بىلەن قېرىنداشلىق قىلىپ دوختۇر بىلەن دورىغا قارشى تۇرغىنىدەك تەتۈر تاناسىپ مۇناسىۋەت. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىداش كېرەك. چىداپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا تازىلاپ پاكىز ئادەملىك روھىنى قاچىلاپ كۆندۈرۈش، نورمال ئادەملىك روھىغا كۆنگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ نىجاسەت روھىغا قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا كۆنۈپ كەتكىنىگە ھەيران قالىدۇ ھەم نەپرەتلىنىدۇ. نىجاسەت روھىنى تازىلاپ ئادەملىك روھىنى قاچىلاش ئاسان ئەمەس. كىر بولماق ئاسان، پاسكىنا يەردە بىرنى يۇمۇلىسىلا ئىش پۈتىدۇ. ئەمما ئۇنى يۇيۇپ ئېرىغداش ناھايىتىمۇ جاپالىق، ئازابلىق جەريان كېرەك. بۇنىڭغا چىدىمىسا پاكىز روھقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چىدا. . . ئەمما سەۋر - تاقەتنىڭ چېكى نەدە؟

رىزۋان خىيالدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش بىلەن كېسىلدى. سائىتىگە قاراپ چۈشلۈك تاماقتا كىچىككەنلىكىنى بىلىپ نان، چاي بىلەن بولدى قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ زوڭ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئېغەكلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆكىرىپ گەز باغلاپ قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا ئۇزاق سۆيدى. باغرىغا مەھكەم باستى. ئېرىنىڭ كالپۇكى پىشۇرۇپ توڭلاتقۇدا ساقلىغان كالا قېرىنىدەك ھارارەتسىز، يېرىك ھەم لەش ئىدى. ئۇ ئېرىنى قولتۇقلاپ ئاشخانىغا ئەكىردى.

- جاھاندا سىز كۆنمەيدىغان ئىشلار يوقمۇ؟

رىزۋان كۆپرەك گەپ قىلىپ، پىكىرلىشىپ بېرىش ئېرىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغانىدى.

- بېشىمغا كەلگەن ئىشلار، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىم، كۆرگەن كۈنلىرىمنى خەقنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسام، بېشىمغا خەقنىڭكىگە كەلگەن كۈنمۇ كەپتۇ، كەلمىگىنىمۇ كەپتۇ. ھەتتا يەر يۈزىدە ھاشاراتلارنىڭ بېشىغىمۇ كەلمىگەن كۈنلەر كەپتۇ. ھەممىگە كۆنۈپتىمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، مەن كۆنمەيدىغان ئىشلار قالماپتۇ. . . ھە راست، ئويلاپ باقسام ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىغان ئوخشايمەن. ئادەم ئۇزاققىچە يامانلىقلا كۆرۈپ نورمال روھى بۇزۇلۇپ كەتسە زۇلۇمنى، يامانلىقنى دوست تارتىدىغان، سېغىنىدىغان، شۇنىڭغىلا كۆنۈپ ياخشىلىقنى يات ھەم يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

رىزۋان قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا ئېرىنىڭ ئاغزىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئېرى دەرھال بېشىنى يەرگە سېلىپ گەپتىن توختىۋالدى.

- سۆزلەڭ. . . سۆزلەۋېرىڭ، ئېتىملىق گەپلەرنى قىلدىڭىز.

- قورقىۋاتىمەن. . . ئۇزاق مۇددەت دەسسەپ چەيلەنسە ئادەم قورقۇنچاق بولۇپ قالىدىكەن. سىز بەزىدە خوتۇنۇم ئەمەس، ساقچى، گۇندىپاي ياكى مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن ئاللىقانداق بىر جاسۇستەك مېنى كۆزىتىشكە قويغاندەك، سىزدىن، بالامدىن، ئۆيىنىڭ تاملىرىدىن، ئىشىكتىن گۇمانلىنىپ خۇدۇكسىرەپ قورقۇنچلۇقتا ئىچ - ئىچىمدىن تىترەپ كېتىمەن. تۈرمە ئادەمنى شۇنداق قىلىۋېتىدىكەن. ئالدىنقى ھەپتە تېلېۋىزوردىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ بىر جازا لاگېرىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ ئۆزۈم قايتا تۈرمىگە كىرىپ قالغاندەك بەك قورقۇپ ئۆيدىن تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتتىم. ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان باللار، بىنالار، دەرەخلەر، يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار ھەتتا گۈللەرمۇ كۆزۈمگە گۇندىپاي، ساقچىلاردەك كۆرۈنۈپ بېشىم قېيىپ كېتىپ ئىزىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە گۇندىپاي، ساقچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. . . مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. . .

- بولدى سۆزلىمەڭ. . . سۆزلىمەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىلمان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بارغانچە لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ بولالماي قالدى. رىزۋان ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ... مېنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن سىزنى توقسان كۈن باقتىم دەپ پەقەت ئاش - تاماق بېرىپ باشقا گەپلەرنى دەپتىمەن. سىزمۇ بۈگۈنكىدەك ئېچىلىپ گەپ قىلىپ بەرمىگەنتىڭىز. كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمەپتىمەن. دېمىسىڭىز مەن بىلمەيدىكەنمەن. ئويلىغانلىرىڭىزنى پات - پات ماڭا دەڭ. ھەرگىز قورقماڭ. ھەممە ئادەم سىزگە دۈشمەن ئەمەس. سىز پەقەت زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى. شۇڭا سىزنى ھېچكىم پايلاپ يۈرمەيدۇ. ساقچىلار ئەتكەسچىلەر، ئوغرىلار، قاتىللار، خىيانەتچى-لەرنى، زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلارنى پايلايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن چەكمىسىڭىز ئىدارىڭىزغا بېرىپ نورمال ئىشلەپ ياخشى ئىش بولسا قىلىپ، يامان ئىش قىلمىسىڭىز، ساقچى، تۈرمە دېگەن ھەرگىز سىزگە مەنسۇپ بولمايدۇ. قولىڭىزدىن كەلسە ئەتراپىڭىزدىكى ھەرقانداق ئادەمگە ھەتتا دەل - دەرەخ، ھاشارات، جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز باشقا تەرەپتىن سىزگە ياخشىلىق كېلىدۇ. كۆزىڭىزگە ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ.

— بايا دېدىمغۇ، ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىكەن-مەن. يامانلىقنى تولا كۆرگەن ئادەمنىڭ روھى بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. ئۆزگە زۇلۇمنى دوست قىلىۋالىدىكەن. سىز مېنى توغرا چۈشىنىڭ. مەسىلەن، مەن سىزگە چۈشەندۈرەي، كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى گەپنى قىلسام، ئەڭ ئالدى بىلەن سىز، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلار مېنى تۈرمىدىن ئاچىقىۋالىمىز دەپ تارتمىغان ئازاب - خورلۇقلار قالمىدى. ئاتا - ئانام پۇل، بايلىقىدىن، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان يەر - زېمىن، ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى. ھەتتا سىز مېنى تۈرمىدىن چىقىرىمەن دەپ قېرى ئوغرىلارغا... مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانام بىلەن ئايالىمنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى. ئەسلىدە مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇشال بولسام، رازى بولسام بولاتتى. بۇ ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى، ئەمما ھايات ئوخشىمايدىكەن. ھازىر مەن مېنى زەھەرلىگەن تاماكا، مېنى مەست قىلغان ھاراق، ئەيش - ئىشرەت، ناخشا - ئۇسسۇل، مېنى ئىشتىن ھەيدىگەن باشلىق، مېنى تۇتقان ساقچى، مېنى سولىغان تۈرمە، ئۇرغان گۇندىپاي، مېنى يولدىن چىقارغان ئۇلپەت - ئاغىنىلىرىمدىن نارازى ئەمەس. ئۇلارنى سېغىنىمەن، ئۇلارنى يامان كۆرمەيدىكەنمەن، رەنجىمەيدىكەنمەن. يامان دېگۈممۇ كەلمەيدۇ. ئۇلار شۇنچە يامانلىقلارنى ماڭا تاڭدى، ئۇلاردىن خاپا بولۇشقا ئۆزۈمنى زورلىساممۇ ئۇلار ماڭا ئوبدان كۆرۈنىدۇ. مېنى ئەڭ قاتتىق رەنجىتىپ كەتكەن، خاپا قىلغان ئادەم كىم دېسە، دەل ئاتا - ئانام بىلەن مېنىڭ ۋاپادار خوتۇنۇم. مەن سىلەردىن نارازى. سىلەردىن نەپرەتلىنىمەن، سىلەردىن يىرگىنىمەن، سىلەرنى بەك يامان كۆرىمەن. نېمىشقا بۇنداق يامان كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ تاپالمىدىم. سىلەردىن باشقا، مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم تۈرمىدىكى چاغدا ئاچ قالسام ئۆزىنىڭ تامىقىدىن بۆلۈپ بەرگەن، باشقا مەھبۇسلار ئۇرسا مېنى قۇتقۇزغان تۈرمىداش دوستۇم ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىنمۇ رەنجىگىلىك. مەن سىلەردىن - ماڭا ياخشىلىق قىلغان قېرىنداشلىرىم، مېھرىبان، كۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىن نارازى ئىكەنمەن. ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ ئاخىر مەن ياخشىلىققا كۆنەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن. بۇنداق بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىمەن. ئەمما ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭغا ئامالىم يوق. بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئىچىمدىن چىقمايدىغان، ماڭا توختاۋسىز ئارام بەرمەيدىغان خادا تاش بولۇپ قالدى. سىز ماڭا

ياخشىلىق قىلغانچە مېنىڭ ئېھتىياجىم يوغىناپ قانمايدىكەنمەن. ياخشىلىق قىلىش سىزنىڭ تەبىئىي ۋەزىپىڭىزگە ئايلىنىپ، ياخشىلىقنى بىر قېتىم ئۈزۈپ قويسىڭىز ياكى قىلغان ياخشىلىقىڭىز سىز تەمە قىلغان بالداقتا يەتمەي قالسا بۇرۇن قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەيدىكەن. مەن سىلەردىن رەنجىمەسلىك-كە شۇنچە تىرىشساممۇ ئاتا - ئانام نېمىشقا ئۆي - جاينى سېتىۋېتىدۇ، خوتۇنۇم نېمىشقا مېنىڭ ئۈچۈن خەققە ئاشنا بولىدۇ؟... دەپ سىلەرگە غەزەپ - نەپرىتىم ئاشىدۇ. شۇڭا مەن ياخشىلىقتا كۆنەلمەيدىكەنمەن...

- بۇنداق كۆنۈپ قېلىش يالغۇز سىزدىلا ئەمەس، نۇرغۇن ئادەم شۇنداق. مېنىڭ بىر دوستۇم توي قىلىش ئالدىدا ئۆي تاپالماي شۇنداق قىيىن كۈندە قاپتىكەن. چوڭلارنىڭ بىكار ئۆيىدىن بىرنى مەن يالۋۇرۇپ بىكارلىتىپ بەرگەن. شۇ چاغدا بەك خۇش بولغانىدى. ھازىر ئىككى ئاي بولدى، سۇ، توك پۇلىنى بەرگىلى ئۇنىماي، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر تۆلەپ قويسىمۇ دادام - ئانىلاردىن، مەندىن قاتتىق خاپا. تويدا قەرز بېرىپ تۇرغان پۇلنى سوراپ قويغانغا يەنە بىر دوستۇمدىنمۇ خاپا. سىز بۇلارنى دېسىڭىز بۇ ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋالدى. ئەمما بىز ئۆزىمىزنى يەڭمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ تەتۈرلىكى ئۈستىدىن غەلىبە قىلمىساق، تەتۈر قىسمىتىمىز ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۆزىمىزنى ياخشىلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تىرەجەپ باقايلى. بۇ تەتۈرلىكىمىز ئۈچۈن ياخشىلىقتىن قول ئۈزگىلى بولمايدۇ.

رىزۋان ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ ئېرىنىڭ ئازابلىق ئىچ سۆزلىرى چىداش تەس بولغان راست گەپلەر ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېرىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئار - نومۇسنى بەدەل قىلغان ئەقىدىلىرى ئۆزىگە لەنەت - نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئازار ئېلىپ كەلگەنىدى. خەق ئۇنى پوكىنىغا بېسىپ قېرى خورازدەك راھەتلىنىپ بولۇپ ئۇنى خەلقئالەمگە ئۆزى يايغانىدى. ئۇنىڭ ئېرىنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى خەقلەرنىڭ مىنىپ ئوينايدىغان ئېشىكى بولۇش تارىخى تۇرمىدىكى ئېرىگە بارمىقىنى چىشلەپ ئاڭلايدىغان ھېكايە بولۇپ كىرگەنىدى.

- ئازابلانماڭ. ھازىر ئىككىلىمىزدە پۇل بىلەن ھوقۇق بولمىسا، ئار - نومۇس، يۈز - ئابروي دېگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەممە ئىشلار كۆڭلىمىزگە ئايان. مەن ھەممىنى بىلىمەن. بۇ مېنى قۇتقۇزۇش يولىدا بېرىلگەن قۇربانلار. ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئەمەس، ھازىر ئۈچۈن سۆزلىشەيلى. سىز يەنە مېنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟

تىلمان خۇنسىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ سورىدى. رىزۋان لېۋىنى چىشلەپ بىردەم تۇرۇۋالدى.

- مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن بالىلىرىمغا دادا كېرەك. مەن ئىككى بالام ئۈچۈن، ئائىلىمىز ئۈچۈن سىزنى قۇتقۇزمىسام بولمايدۇ. بىر ئۆيدە ھېچ ئىش قىلالمىسىمۇ دەسسەپ تۇرىدىغان ئەر بولمىسا بولمايدىكەن. سىز بۈگۈن ئىشقا بارماي مېنىڭ نۇرغۇن قۇربانلىقلىرىمنى بىكار قىلدىڭىز. پەقەت ئىدارىگە بېرىپ ئايلىنىپ قويۇپ كەلسىڭىزلا بولاتتى. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ ھېساب. بۈگۈن بارمىغىنىڭىز ئۈچۈن ئىدارە باشلىقىڭىزنىڭ ئالدىغا مەن يەنە بارىدىغان بولدۇم. بۇ سىز ھەم مەن ئۈچۈن چىداش تەس بولغان ئازابلىق تىرىشىش.

رىزۋان باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

- ئىشقا بارسام - بارمىسام... بەرىبىر.

بۈگۈن بارمىسىڭىز ئەتە ياكى باشقا بىر كۈنى ھامان ئۇ سىزنى يەنە كەلتۈرىدۇ.

ھەر ئىككىسى جىممىدە بىر - بىرىگە سۈكۈتتە قاراپ تۇرۇپ كېتىشتى.

- بىز سودىلىشايلى!

رىزۋان ئېرىگە ھاڭۋېقىپ قارىدى.

- سىز مېنىڭ قۇتقۇزغۇچۇم بولغاندىكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاۋۋال مېنى، ئاندىن ئىش ئورنۇمنى قۇتقۇزۇڭ. مەن چېدىغانغا سىز چېدايسىز. مەن بىراقلا تاشلىيالمىغۇدەكمەن. ئاستا - ئاستا تاشلاي. ھەممىگە چىدىسامۇ خۇمارغا چىدىيالمىدىم. سىز مەن بىلەن بىر يەرگە بېرىشىپ بېرىڭ. سىز بارمىسىڭىز ئۇلار بەرمەيدىكەن.

رىزۋان چاچراپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. ئەر يەنە ئىزىغا ھالسىزغىنا يىقىلىپ چۈشتى. رىزۋاننىڭ قولى قېرى جىگدىنىڭ داشماق غولىغا تەگكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇپ چىرايلىق مەڭزىدىكى ئازابلىق سىنلارنى يۇيۇپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا خورلۇق ئىچىدە سۆيدى. ئالىقىنى بىلەن قولىقىدىن كىرگەن ئاغرىق يەنە بېرىپ يۈرىكىگە سانجىلدى.

كەچ كىرىپ شەھەر كوچىسىغا چىراغ يېقىلغان مەزگىلدە قار بىراقلا تۆكمە بولۇپ، قارا يەرلەر، دەرەخلەرگىچە ئاقارتىۋەتتى. چوڭ يوللار توختاۋسىز ماشىنىلار چاقىدا ئۆزلۈكسىز يانجىلغان يۇمشاق ئاپئاق قارلار ئاللىقاچان غىلتاڭ كۆك مۇزغا ئايلىنىپ ئۆيۈپ كەتتى. ھەرقانداق يۇمشاق نەرسە چەيلىنىۋەرسە قاتىدىغان ئوخشايدۇ. غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىدا لەيلەپ ئالدىراش چۈشۈۋاتقان قار توزانلىرى قار ئەمەس، قارا قازاندەك ئاسماننىڭ ساناقسىز تۆشۈكلىرى ئۈستىدىن قادىلىپ ئۆتكەن پاكىز يورۇق نۇرلاردەك كۆرۈنىدۇ. تىلمان بىلەن رىزۋان ھەر خىل زىننەت چىراغلار چاقناپ ئوتتۇرا ئەسىر گېنېراللىرىدەك كېيىنىۋالغان مۇلازىملىرى قېتىپ تۇرغان ئالىي مېھمانخانا ئالدىدا تاكسى ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ ياسىنىپ - تارىنىپ تاكسىدىن چۈشكەندىكى خۇش چىراي ھالى ھېچبىر دەردى - غېمى يوق بايۋەچچە ئاشىق - مەشۇقلاردەك مەغرۇر ئىدى. ئەمما ئىچىدىكى مىڭ پاتمان دەردىنى خۇدا بىلەن ئۆزلىرى بىلەتتى. يولدا كېتىۋاتقان مىڭلىغان خۇشال كۆرۈنىدىغان ئادەملەرمۇ بەلكىم مۇشۇ ئەر - خوتۇنلاردەك ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ چىدىغۇسىز پەسكەش سودىنىڭ كەينىدىن مانا مۇشۇنداق ئىچىدە قايغۇ - ئەلەم، تېشىدا بايرام قىلىپ يۈرۈشىدىغاندۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاكسىدىن چۈشۈپ مېھمانخانا دەرۋازىسىدىن بىنا ئىچىگە كىرىپ بولغۇچە ئۈستى - بېشىنى قار كۆمۈپ ئاقلاپ ئۈلگۈردى. توك شوتىسى ئىچىدىكى رەقەم ئون يەتتىنى كۆرسەتكەندە، شوتا ئۆرلەشتىن توختاپ ئىشىك ئېچىلدى. ئۇلار جىمجىت كارىدورنى بويلاپ بۇلۇڭدىكى ياتاق ئالدىغا بارغاندا توختىدى. تىلماننىڭ مۇردىدەك كۆزلىرى رىزۋاننىڭ ئالمىدەك جۇلالىق يۈزلىرىگە نەپرەت ئارىلاش يالۋۇرۇش بىلەن تىكىلدى. رىزۋان غەزەپ ھەم ئامالسىزلىق يېغىپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى خورلۇق ئىچىدە تىلمانغا تىكتى. تىلمان قاقشالدەك قۇرۇپ كەتكەن گۆشسىز بارماقلىرىدا تارمۇچتەك تارتىشىپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى بىر سىلاپ قويۇپ ئىشىكنى چەكتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇچىسىدا ئالىقانچىلىك ئەۋرەت ياپقۇچتىن باشقا كىيىمى يوق، قورسىقىدىن كانىيىغىچە چۈپۈر باسقان قارا كۆزەينەكلىك بىرى ئىشىكنى توسۇپ تۇردى. ئۆي ئىچىدىن تېلېۋىزور نومۇرلىرىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. ئىشىكتىن مەززىلىك ئەتىر ئارىلاش ھەر خىل ئىسسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقىپ دىماغقا ئۇرۇلدى. ئەر تىلمان بىلەن رىزۋانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ قويدى.

- يەنە بىردەم كەلمىسەڭ تۇمۇچۇق ئىزدەپ قاڭقىپ ماڭاي دەپ تۇرغان. بۇ سومبۇل چاچ خېلى بولغۇدەك. قېنى كىلىڭ، جانان قىز!

رىزۋان دەرھال تىلمانغا قارىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقىدىن چاچراپ تۇرغان نەپرەت تىلماننىڭ كۆكىرىپ كەتكەن تارمۇچ يۈزىگە قار يېغىپ ئېرىپ كەتكەندەك ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. رىزۋان بوسۇغا ئاتلىشىغا تىلمان ھېڭىۋىدى، چۈپۈرلۇق

ئەر ئىشكنى توسۇۋالدى.

— ساڭا نىمە بار. ئەڭ ياخشىسى، سەن پەستىكى قەھۋەخانىدا ئويناپ تۇر.

تىلمان قولىنى تەڭلىدى. چۈپۈرلۈق ئۇنىڭ قىغچىنىڭ بەلچىسىدەك ئىچىلىپ تۇرغان ئالقىنىغا ئۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ پەس ئاۋازدا:

— ئاشخانىغا كىرسەڭ تاماقتىن كېيىن ھېسابلىشىسەنغۇ. خۇمارىڭ ھەرقانچە بەك دوقىغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ بىردەم قىسىپ تۇر، — دېدى گۆلىيىپ.

چۈپۈرلۈق ئەر شۇنداق دەپلا ئىشكنى تاقاپ كىرىپ كەتتى. تىلمان ئالىيىپ يەرگە قارىغانچە لىفىت ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قىزىل رەقەمگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇردى. رەقەملەر بىردەم ئېگىزگە قاراپ ساناقلانسا، بىردەم پەسكە قاراپ تاقلايتتى. تىلمان خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزىنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا بەلگە بېرىشنى ئۇنتۇپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، لىفىت ئىشكى ئېچىلىپ كۆتكۈچى قىز چىقىپ كەلگەندىلا، ئويغانغاندەك بولۇپ ئالدىراپ لىفىتقا كىرىۋالدى.

قەھۋەخانىدا بىردەم ئولتۇرۇپ ئىچىپ تولا سائەتكە قاراپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ ئولتۇرالماي تەلۋىلەك بىلەن دىسكو ئويناۋاتقان توپقا قېتىلىپ بىردەم چىچاڭلاپ بېقىپ ئۇمۇ تېتىماي، مېھمانخانا كۈتۈش زالىغا كىرىپ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۈگۈلۈپ قالدى. ئېچىرقىغان مادارسىز قېرى مۈشۈكنىڭكىدەك خۇنسىز كۆزلىرى لىفىت ئىشكىدە ئىدى. ئىشىك ھەر ئېچىلىسا ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ ئىشكتىن چىققانلار ئارىسىدىن ئاياللىنى ئىزدەشتۇرەتتى. توك شوتىسىنىڭ قىزىل رەقەملىرىنى، كىرىپ-چىققانلارنى تولا ساناپ ئاغزى قۇرۇپ، تىلى چاكىلداپ قالغاندا ئايالى ئىشكتىن چىقتى. رىزۋان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھىجىيىپ تۇرغان ئېرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋېتىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىقىپ كەتتى. تىلمان يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ لىفىتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشكنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئۇ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ياتاق ئىشكىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن قىنىغا سىغماي ئىشكنى چەكمەستىنلا كىرىپ كەلدى. گەدىنىگە تەگكەن بىر مۇشت بىلەنلا ياتاقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېتىلىپ يۇمۇلاپ بېرىپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. چۈپۈرلۈق ئەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئېلىپ تامغا چاپلاپ تۇرۇپ يۈزىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. غەزەپتىن بوغۇلۇپ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— ھۇ نجىس ئېشەك. ئىتمۇ سەندىن ۋىجدانلىقراق. جاھاندا باشقا خوتۇنلار تۈگەپ كەتكەندەك، ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىڭنىمۇ ئەكېلەمسەن ئەمدى. تاس قاپتىمەن. . . سەن مۇناپىقنىڭ بۇنچىۋالا بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي پوق يېگىلى. كوچىدا ئەخلەتتەك پۇتلىشىپ يۈرگەن ئويۇنچۇقلار ساڭا ئۇچرىمىدىما؟ . . . ۋاي دۆيۈز. مېنىڭمۇ خوتۇنۇم بار، باللىرىم بار ئەمەسما. . . مەن ساڭا قىلسام چوقۇم باللىرىمدىن كۆرمەي قالارمەنما. .

— ئويان ئاكا. . . مەن. . . مەندە پەقەت ئامال يوق. . . ھېچكىم گېپىمنى ئاڭلىمىسا مەن قانداق قىلىمەن. . .

— ھېلىنقى گېپىڭگە ماقۇل دەيدىغان ئۇسسۇلچى بىرنېمىنى تېپىپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟ ئۇ ساڭا خېلى كۆيۈنىدىكەن. ھە دېدى، ساڭا جىقراق پۇل بېرىشىمنى تاپىلايدۇ.

— ئۇ. . . ئۇ. . . بۈگۈن كېچىچە ئۈچ تانسىخانىدا ئىشلەيدىكەن. ۋاقتى يوقكەن.

— بىرىنىڭ پۇلىنى بېرىمەن، شۇنى ئەكەل. مەنمۇ كەچ سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن ئۆيگە كىرمىسەم بولمايدۇ. . . ھە توخنا، ئۇ سېنىڭ بىرنېمەڭ ئەمەستۇ؟

تىلمان كىكەچلەپ گەپ تاپالماي قالدى. چۈپۈرلۈق ئادەم يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سوۋاشلاپ سورىدى:

- راست گەپ قىل. راست گېپىڭ ئۈچۈن مۇشۇ پۇلنى بېرىۋېتىمەن. مەن راست گەپنى پۇلغا ئالىدىغان ئادەم...

- راست... سىز... سىز... بەك جىك ئادەم، گېپىڭىزدە تۇرىسىز... راستىنى دەي، ئۇ مېنىڭ ئازابىمغا چىدىمايدۇ. كىچىككىمىزدىن بىر - بىرىمىزگە بەك ئامراق. ئۇ مېنىڭ سىڭلىم...

- يوقال كۆزۈمدىن... ئادەم ئەمەس هايۋان...

چۈپۈرلۈق ئادەم تىلماننى بوغۇپ تۇرۇپ تامغا بىرقانچىنى ئۇستۇرۇپ كۆتۈرگەنچە ياتاقتىن تالاغا تاشلىۋېتىپ ئىشىكنى گۈم قىلىپ يېپىۋەتتى. تىلمان بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئىلىنىپ قالغان چۈۋۈق سېۋەتتەك كارىدوردا نەچچىنى يۇمۇلاپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىشىك ئېچىلىپ چۈپۈرلۈق ئادەم بىرمۇنچە پۇلنى تىلماننىڭ يۈزىگە ئاتتى.

- خىروئىننىڭ ئادەمنى بۇنچىۋالا پەسكەش، ئىپلاس قىلىۋېتىدىغىنىنى بىلمەپتىمەن. بۇ پۇللارغا قانغۇچە چېكىۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈۋال. سەن ئەمدى ياشىما. سەندەك ئىپلاس ئەخلەتتەك ئادەمنىڭ ھەممە ئادەمنى بۇلغاپ، ۋەيران قىلىپ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى. سەن قانچە بالدۇر ئۆلسەڭ ئاتا - ئاناڭ، خوتۇن - بالىلىرىڭ ۋە تېنىڭ ئارام تاپىدۇ. سېنىڭ ئۆلۈۋالغىنىڭ قەھرىمانلىقىڭ، سېنىڭ مىللەتكە قوشقان تۆھپەڭ بولۇپ قالىدۇ. مەن ھەممىگە قۇدرىتىم يېتىدىغان تۇرۇپ، سەن ئىپلاسنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئىشىمنى كۆر ئەمدى. نەۋاقىچە ئازابلىنارمەن ئەمدى. ساڭا ئوخشاش مېنىڭمۇ سىڭلىم بار ئەمەسمۇ جوھۇت. يوقال، سەن ھەممە ئادەمنى ۋىجدانسىز قىلىپ بۇلغاپ بولغۇدەكسەن. سېنى باققان ۋەتىنىڭ، ئاتا - ئاناڭ، خەلقىڭگە قىلىپ بەرگەن بىر ياخشى ئىشىڭ بولۇپ قالسۇن. سەن بالدۇرراق ئۆلۈۋال...

چۈپۈرلۈق ئادەم شۇنداق دەپلا ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىق يېپىپ كىرىپ كەتتى. كارىدور گۆرىستانغا ئوخشاش جىمجىت ئىدى. تىلمان ئۆمىلەپ يۈرۈپ چېچىلىپ كەتكەن پۇللارنى يىغىۋالدى.

3

رىزۋان بالىلىرىغا ئۆيدە چۆچەك كىتاب ئوقۇپ بېرىپ خېلى ئۇزاقتا ئۇخلاتتى. گىرىم ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى تۈزەپ تامدىكى سائەتكە قارىۋىدى، سائەت ئىستىرىلكىسى ئونغا ئاز قالغانىدى. ئۇخلاش كىيىمى بىلەن مېھمانخانىغا چىققاندا، سېمىزلىكتىن تولۇمغا ئوخشاپ قالغان ئىدارە باشلىقى سافادا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۈگدەۋاتقانىدى. رىزۋان يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا باشلىق ئويغىنىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ سائەتكە قارىدى.

- ئۆيگە كىرىپ بولمىسام بولمايدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. ئەجەب كەچ قالدى، ئادەم.

- بالىلار ئۇخلىغىلى ئۇنىماي ئەمدى ئۇخلىدى. ئەپۇ سورايمەن...

- بولۇڭە ئەمىسە...

باشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقتى. رىزۋان چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرىپ يوتقاننى بېشىغا چۈمكىۋالدى. ئىككىسى يوتقاندا باشلىرىمۇ كۆرۈنمەي يومىلىشىش باشلىنىشىغا ئىشىك بىردىن ئېچىلىپ، چىراغ يېقىلدى. باشلىق «ھە» دەپلا يوتقان بىلەن يۆگىلىپ كارىۋاتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. رىزۋان دەرھال ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېتىپ ئۆزىنى تۈزەپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋالدى. ئىشىكتە تىلمان ئۇلارغا جىمىدە قاراپ قېتىپ تۇراتتى. باشلىق ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ

يوتقاندا ئۆزىنى يۆگەپ تامغا يۆلىنىپ، تاتىرىپ چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سىمىز ئېڭەك پوخىكى توختىماي تىترەيتتى.

— ئو... ئوبدان... ئوبدان... ئۇكام، بىر... بىر يىللىق... يىغىلىپ قالغان مائاشىڭىزنى ھە... ھەل... قىلىپ بېرەي... مۇ... مۇئاۋىن... بۆلۈم... با... باشلىقى قىلىمەن... شۇ... شۇنى دې... دېيىشكىلى كېلىپ...

تىلمان يەنىلا زۇۋان سۈرمەي جىممىدە تۇردى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — رىزۋان ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ باشلىقنىڭ ئىشتىنىنى ئېلىپ بەردى.


تىلمان يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. رىزۋان ئاستا كېلىپ ئىشىكنى ياپتى. باشلىق ئۇھ تارتىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

تىلماننىڭ قەدەملىرى بىنانىڭ ھەر بىر پەلەمپىيىدىن قېرى جۇۋاز كالىسىنىڭ قەدەم ئېلىشىدەك ئېغىر ھەم كالامپاي دەسسەپ چۈشتى. كارىدور ئىشىكىدىن چىققاندا بىر ئەر - خوتۇن بىلەن دوقۇرۇشتى. ئەر - خوتۇنلار ئۇنىڭدىن يىرگەنگەن ھالدا داجىپ بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى. قار تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ياغماقتا ئىدى. تىلمان دەلدۈگىنىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىغا ماڭماقتا ئىدى. پەلتوغا يۆگەنگەن سىمىز باشلىق ئۇنىڭ يېنىدىن شاپىلداپ ئۆتۈپ يانچە ھىجىيىپ:

— ئۇكام... ئۇكام... تىلمانجان... ئەمىسە شۇنداق بولسۇن. ئەتە ئىشقا بارارسىز. ئىشنى شۇنداق توغرىلايمىز ئەمىسە، خوش، ئەمىسە ھە، خوش.

ئۇلار شۇ گەپنى دېيىشىپ بولغۇچە چوڭ يول دوقمۇشىغا چىقىپ قالدى. سىمىز باشلىق بىر تاكسىنى توسۇپ چىقىپ كەتتى. تىلمان كوچىنىڭ تۆت دوقمۇشىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى. ئۇ يولغا بىر قەدەم مېڭىپ بېقىپ يەنە قايتتى. يەنە بىر يولغا ئۈچ - تۆت قەدەم دەلدۈگىنىپ ئارىسالدى بولۇپ، توختاپ قايتىپ يەنە بىر يولغا ماڭدى. مۇشۇ ئارىلىقتا يولدا تېز ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلار ئۇنى يانداپ بىرنەچچىسى توسۇلۇپ، شوپۇرلار توختاپ قاقشاپ قويۇپ كەتتى. تىلمان دەلدەڭشىپ يەنە بىر يول دوقمۇشىدا بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قايسى يولدا قاياققا مېڭىشنى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، يولنىڭ دوقمۇشىدىكى قىرغا زوڭ ئولتۇردى. قار شىددەت بىلەن تۆكمە بولۇپ ياغماقتا. ماشىنىلار يولغا پېتىشماي شىددەت بىلەن تۆت تەرەپكە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. يولنىڭ قارشىسىدا زوڭ ئولتۇرغان تىلمان ھەمساتتا كىچىككىنە قار پومزىكىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ زوڭ ئولتۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ھالدا ئىدى. بىر قاراشتا قار كۆمۈۋەتكەن يول قىرىدىكى ئەخلەت قاچىلانغان خالتا دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. بىر چاغدا ئاپئاق قار پومزىكى قار كۆچكەندەك يول قىرىدىن يولغا دومىلاپ كەتتى. ئەمدىكى قاراشتا باللار قاردىن ياسىغان پۇتبولغا ئوخشاپ قالغانىدى. قار پومزىكى يولنىڭ ئوتتۇرىدا ئاپئاق ھالەتتە ياتتى. بىرقانچە ماشىنا ئاق قار پومزىكىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. شىددەت بىلەن كەلگەن يوغان بىر ماشىنا بۇ قار پومزىكىنى خاتىرجەم دەسسەپ كەتتى. ئاپئاق قار پومزىكىدىن قىزىل قان چاچراپ يولدىكى غىلتاڭ كۆك مۇز قىزىل رەڭ ئىچتى. ماشىنىلار خەۋەرسىز ھالدا قان ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئۇياق - بۇياق چېپىشىپ ئۆتتى. ساناقسىز تاكسىلارنىڭ قارا چاقلىرى ئۆز رەڭگىدەك قىزىل بويىلىپ ئۆتمەكتە. شوپۇرلار بولسا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆز يولىغا ئالدىراپ ماڭماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قۇياش بىلەن تەن ئارىسىدا

ئادىل تۇنىياز

## دەم ئېلىش كۈنىدىكى قار

قار ياغقاندا ئۆيدىن تالا ياخشى
— بوغدا ئابدۇللا

1

بوشلۇقلاردا ئۆسكەن ئاپئاق تۈك،
بېشىمىزغا قونماقتا لەيلەپ.
كۆرۈشۈپلا بولۇپ كەتتۇق شۈك،
ئېگىز،
جىمجىت،
مۇزدەك سوغ ھەسرەت.
گويا، ھۇجۇملارغا قىلالماي تاقەت
ئېگىلەنگەن قىستاڭ كوچىلار
بىنالاردا ناتونۇش ھەرىكەت.
ۋاللىدايدۇ قىش قىلىچلىرى
بىز ھەممىمىز قورشاۋدا پەقەت.

2

ئاشخانىنىڭ فار - فۇر تېمىدا
ھەسەن شېرىك ماگار غىلدىرلاپ.
پەيدا قىلار يېڭى ۋەھىمە
بۇرۇتلىرى،
ھەيۋەت بىلەن مىدىرلاپ.

3

قار ئۇچقۇنى. پارلىغان مېڭە،
سىممېترىك گۈزەللىك
ئالەم قۇرماس ئېنېرگىيە.
بىراق بىز تار ئۆيدە
قايتا - قايتا ئويلىنىپ يەكشەنبىدە
كونا كىتابلارنى رەتلەپ چىقىمىز
ئارقىدىن ئىشىك قوڭغۇرىقى بېسىلىپ

سىقىلىش ئەكس ئەتكەن بىر چىراي
ئۈمچۈك توردەك كىرەر يېيىلىپ،
قولىدا
توي يا نەزىر باغىقى.
مۇشۇنداق دائىملىق سەۋەب بىلەن
كەچتىكى قەدىمىي مۇراسىمدا
چۈشۈپ كېتىمىز ھاڭغا سىيرىلىپ،
ئىچىمىزدىكى تېگى يوق ھاڭغا.

4

كۈمۈش رەڭ يالقۇنلار
قاپلىغان كېچىنى.

## جەرەن بالىسى

سوغۇق چۈش كۆردى ئاپئاق،
قارنىڭ خرۇستال ئۆيلىرىدە
جەرەن بالىسىدەك كۆزۈڭنى ئاچتىڭ.
كۈن نۇرى قىزغۇچ يوپۇرماقلاردەك
يونتقىنىڭغا لەيلەپ چۈشكەندە
ئۇيقۇغا قانغان كۆزلىرىڭ بىلەن
جەرەن بالىسىدەك قارايسەن لەۋەن.
ئۇياتچانلىقىڭ،
ئەركىلەشلىرىڭ،
يېشىل چىمدەك يۇمران ئاۋازىڭ.
كەل، ھەي جەرەن بالىسى!
بۇ شەھەردە مەن سېنىڭ ئورمىنىڭ.
ۋاقتىمنىڭ بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچ،
قولۇمنىڭ شامالغا ئايلىنىشىنى قوبۇل قىل،
كۈتۈشلىرىمنى ئىبادەت دەپ بىل
بىراق بۇ شەھەردە
تەندىن باشقا ئاسمان يوق،
مەندىن باشقا ئورمان يوق،
سەندىن باشقا جەرەن يوق.
بىراق بۇ شەھەردە
ئەينەك ياسىغۇچىلار مۇنبەرلەرگە چىقىۋالغان.
باللار پەرىشتىلەرنى تۇتۇۋېلىپ
كوچىلاردا قاناتلىرىنى يۇلۇپ ئالغان،
(چۈنكى دەرسلەردە ئىبلىس مۇشۇنداق
تەسۋىرلىنەتتى)
ئىشىكنى چەككەنلەر ئىشىكنى يەنە چەكتى،
لېكىن بۇ شەھەر ئاھالىسى چاشقاندىن قورقىدۇ.
ئىشىكنى چەككەنلەر ئىشىكنى يەنە چەكتى،
يوق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس،
دەيدۇ يىغىن باشقۇرغۇچى.
ئىشىكنى چەككۈچى ئىشىكنى يەنە چەكتى،
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قورئاننى ئاچتىم.
ئوقۇيالمايمەن. لېكىن ۋاقىت يورىماقتا.
ھەربىر ھەرپ بىر ئاۋازدا،
ئاۋاز ـ مەنە،
ئوقۇش رىتىمى سىر،
ھەر بىر ئوقۇش بىر ھازىر،
بار بولماقتا، يوق بولماقتا.
ۋاقىت قالمىغىنىنى سېزىپ قېلىپ
قورقۇپ كەتتىم بىردىنلا.
ئەي جەرەن، ماڭا ۋاقىت بەر!
مەن ھەقىقەتەن شۇ جازاغا ھەق،
مەن ئۇنچىۋالا پاك ئەمەس گەرچە.
ئەي جەرەن، مەن قورقۇۋاتىمەن
كۈن يەر شارىغا يېقىنلاشقانچە،
ئادەملەر ئېقىن سۇدەك بولۇۋالغان
باسالمايمىز ئۆزىمىزنى بېسىپ ھەرقانچە.
كىندىكلەر ئاستىدا ئېزىقتۇرغۇچ گۈللەر
ئېچىلغان،
ئىدىيىلەر ئارىسىدا زەھەرلىك يىلان.
كائىنات ئەينىكىدە بىزنىڭ يۈزىمىز،
نۇر تېزلىكىگە ئۆتمەكتە زامان،
نەپەس ئالار يەر شارى تېز - تېز.
قوشۇلۇش رىتىمى - ئالەم رىتىمى
قۇياشتىن باشلانغان بىر لەھزىدە بىز.
زور بىر ھالاكەت
شەھەرلەرنىڭ خارابىسىدەك
تۇيغۇمىزغا تاشلاپ ماڭغان ئىز.
غېربىلىق مېۋىلىرى يېيىلمەكتە،
ئىمارەتلەردە ئېگىز - ئېگىز،
(بابىل مۇنارى شۇنداق يېقىلغان).

ۋاقىت توشتى،
ئىبادەت ۋاقتى.

ئالەم بېغىدا
يۇلتۇزلارنى، يىمەكتە
جەرەن.

www.uyghurkitap.com



# بالىلارنىڭ ئەرۋاھى

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
سۇدىكى قاشتېشىدەك
ۋىلىلدايدۇ،
ئانىلار دەريا بولۇپ قۇرۇپ ياتقاندا
ئاتىلارنىڭ بوش ۋاقتى سۇدەك ئاققاندا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
قار ياغقاندا ماڭىدۇ دەسسەپ
ئىز چۈشمىگەن سەبىي يەرلەرنى،
ئاپئاق يۈزى ھەسرەتلىك ھالدا.
بىز كۆرمىز يۇلۇنغان ئاق پەرلەرنى
لەيلەپ چۈشۈپ جىسمىمىزگە قونغاندا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
دوپپىسىنى ئۆزى كىيەر بېشىغا،
كىيىم ئىشكابىنى ئېچىپ بەرسەكلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
«قۇرئان» ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇساقمۇ بىز،
خەت تونۇمايدۇ تونۇساقمۇ بىز،
لېكىن بىزنى تونۇيدۇ ئاتا - ئانام دەپ.
يۈگۈرۈپ كېلىپ بىز ئۆلگەن كۈنى
بوينىمىزغا ئېسىلىدۇ ئەركىلەپ
كەلدى مېنىڭ ئاتا - ئانام دەپ.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
كۆرگەن چاغدا دوختۇرخانىنى
قورقۇپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالىدۇ،
يۇلتۇزلۇق تۈن ئانىنىڭ كۆزى
ئۇچۇپ چىقىپ كىچىك - كىچىك جان
يۇلتۇزلارغا قېتىلىۋالىدۇ.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
ئۆزى نان يەيدۇ قورسىقى ئاچسا
بىز ئۇنىڭ نېنىنى يەۋالمىساقلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
يەسلىلەرگە بېرىۋالىدۇ،
بالىلار قونچاق ئويناۋاتقاندا
بوينىنى قىسىپ كېتىپ قالىدۇ.
بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
ئۆزى توختايدۇ ئىڭەلەپ بىردەم
بوغۇپ قويمىساقلا قولىمىز بىلەن.

بىز ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز،
بالىلارنىڭ ئەرۋاھى ئۆلمەيدۇ ئەسلا
تۇغۇلۇپ باقمىغان چۈنكى ئۇ ئەسلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
سۇدىكى قاشتېشىدەك
ۋىلىلدايدۇ،
ئانىلارنىڭ قوينى قۇرۇپ ياتقاندا
ئاتىلارنىڭ ئۆمرى سۇدەك ئاققاندا.

## ئەتىگەندىن - كەچكىچە

كۈن چىقىش بىلەن
تىلسىماتتەك بىنالاردا بىز،
يېنىمىزدا زەنجىر بەنت سۇ.

چىرايلار، سۆزلەر، قاسراقلار،
ئىدىيىلەر كىچىك، پىنھان.
تەشۋىشكە تولغان ئىشخانا ئىچى،
ئۈستەل - تومىسلەرنى ئەسلەتكۈچى،
جىمجىتلىقتىن سىرغىپ تۇرار قان.
ئوقتەك پارقىرايدۇ ۋاقىتنىڭ ئۇچى،
كۈلدان، دېرىزە، ئىزاھلىق لوغەت:
ئاققۇ: پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭلىك قۇش،
تۇمشۇقىنىڭ ئۈستى سېرىق، پۇتى قارا.
دېڭىز ساھىلى ياكى كۆل بويىدا ياشايدۇ.
مەھكۇم: باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى،
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى، قارام، بېقىندى.
ئەينەك: قاتتىق ۋە چۈرۈك بولغان بىر خىل
سۈزۈك جىسىم.

ئەينەك تاملىق ۋاقىت قەسرى
ئەرۋاھىمىز ئايلىنىپ ئىتقا
قاۋىماقتا ئۆز شولىسىغا،
بىز پەرۋاسىز بېرىلگەن ئىشقا.
- ھەممىمىز ۋىجدانسىز توخۇ يۈرەك!
مەستلەر ئۇنىڭ گېپىگە قاقاقلاپ كۈلۈشتى،
مىس رەڭگىگە كىرگەن چاغدا يەر.
كرىستال كېچە قورشاپ ئالغان
شاخسىمان چىراغ، سۇ ۋە سېھىرگەر.
قوللار ئېچىلغان ئەتىرگۈلسىمان،
شادلىقىمىز نازۇك - جىلۋىگەر.
قارلىغاچلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ
ئاۋازىمىز دېڭىز ساھىلى.

تەن دولقۇنى كارۋات ئۈستىدە
غايىب بولار ھېلىدىن - ھېلى،
غەم - قايغۇنىڭ بۇژغۇنلىرىدەك.

قۇياش بىلەن تەن ئارىسىدا
خىزمەت بىلەن مەن ئارىسىدا
ئاددىي كۆنلەرنىڭ جاراھىتى.

## ئىككى كېسەك

ئۆي توساتتىن جىمجىت.
ۋاقىت تامدىن ئۆتمەكتە،
ئۆزگەردى بىر كېسەكنىڭ يۈزى.
يېشىل قۇملىرى سارغايغان ئەل
بوستانلارنىڭ قەدىمكى كۆزى.
چىڭگىزخان ئۈششۈكتەك بېسىپ كىرىپ
شەھەرلەرنى تىغدىن ئۆتكۈزدى.
بەگلەر قۇل بولۇشنى خالىماس ئىدى،
خوتۇنلار دېدەك بولمايمىز دېدى.
خاقان يىغىپ يىگىتلىرىنى
ياۋغا قارشى جەڭلەرگە كىردى،
ئاق ئاتنى مىنىپ.
ئاق ئات يىقىلدى قىزىل گۈلدەك،
قىزىل تۇپراق ئۆچتى، قارايدى.
خاقان لايغا ئايلاندى، لاي كېسەككە -
بىر بىنادىكى.

ئۆيۈمدە ئويچان ئولتۇراتتىم،
تامدىكى كېسەك
كۆرۈندى تولىمۇ غەمكىن،
ئىختىيارسىز ئېزىپ يۈرەكنى.
«ئادىل» دەپ توۋلىدى ئايالىم،
تالاي ئەسىرلەردىن كېيىنكى -
بىر كېسەكنى.

## بۇلاق بېشى كوچىسى

قۇياشنىڭ ئارقا كوچىسى،
نۇر،
لاي تاملارنىڭ يېرىقىدىكى.
كۆرسىدا ئولتۇرغان چارساقال ئۇيغۇر
ئۆتۈۋاتقان قىزلارغا قويىدۇ قاراپ.
سۇيۇقلانغان نېرۋىلار
نەچچە يۈز يىل غېرىبلىقتا
ئۇيۇپ قالدى ئاستا - ئاستا
قاسساپ پىچىقىنى سۇرتۇۋېتىپ،
بەرمەكتە ماڭا دەردىنى ئېيتىپ.

ئەخلەت ئۈستىدە
تاجى كۆرۈمسىز خوراز،
پۇتلىرى بىلەن ئېلىشتۇرماقتا
ئاق، قارا، كۆك، قىزىل رەڭلەرنى.
ئېلىشىپ كەتتى بىردىنلا ماڭا
ئۆتمۈش بىلەن ئۇشبۇ دەم ئاڭا.

بىر بۇلاق
بۇلدۇقلاپ تۇرىدۇ كوچىدا
ۋاقتى باشقا ۋاقىتتۇر بىراق. . .



# قۇنغىنىم پەقەت تالا
# شېرىن چۈش شېخى

نۇرغۇن نۇرسۇن

## سۆيگۈ مۇراسىمى

ئىدى ياپراق بىر رومانىنىڭ يېشىل ۋارىقى،
سەن، مەن ئىدۇق بۇ رومانىنىڭ باش پېرسوناژى.

تىنىقىمىز ياپراق ئارا توشۇيتتى بۆسە،
تومۇرلاردا چېلىناتتى مۇلاقەت سازى.

رومان ئاستا سىڭىپ كىردى رېئال تۇرمۇشقا،
تېلېفوننىڭ تۇۋىدىكى ئۈمىدۋار كۆزلەر
سىمدىن ھالقىپ ئۇچۇپ باردى ۋىسال شەھرىگە.

ياپراق، ياپراق، يازغاندى كىم ساڭا رومان؟
قانداق قىلىپ قىنىڭغا جاي بوشاتتى تۇمان؟
بۇ دەم ئەزىم دەريالاردا ئېقىۋاتقىنى
قاندۇر - يېشىل تومۇرۇڭدىن ئاققان يېشىل قان!
چۆكۈپ كەتتۇق ئىككىمىز بۇ يېشىل دەرياغا،
يېشىل قانلار سېھرى بىلەن ئېرىتتى بىزنى.
ئېرىدى تەن، ئېرىدى روھ، ئېرىدى دۇنيا،
ئېرىپ كەتكەن جۇپ يۈرەكنى تۇتقۇزدۇق ساڭا.

شۇدەم سەنمۇ ئېرىپ كەتتىڭ مۇقەددەس ياپراق...

## رەقەم ۋە شېئىر

ھوسۇل بەرگەچ ئەرەب رەقىمى
دىرېكتورنىڭ يوقالدى غېمى.

بىر شائىر
شېئىر يازدى كومپيۇتېردا،
رەقەم بۆسۈپ كىردى شېئىرغا،
شېئىرغا ئايلاندى ماتېماتىكا.

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر -
قىزلار، قۇشلار، گۈللەر، پۋىلار،
كۆزلەر، قوللار، يوللار، مىسرالار،

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر -
سېنىڭ كۆزۈڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان
كومپيۇتېردا سىزىلىۋاتقان
ناتونۇش بىر يېڭى ئەسىرنىڭ
شېئىر كەبى لىرىك سۈرىتى.

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر -
نوبېلنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلمىگەن،
بۈگۈن دۇنياغا پادىشاھ بولۇپ
كومپيۇتېرغا لىق تولۇپ كەتكەن.

مەۋجۇت ئەمەس دۇنيادا
رەقەم ۋە شېئىردىن باشقا ھېچنېمە.
ماتېماتىكىمۇ شېئىردۇر ئەسلى
رەقەم بىلەن يېزىلغان.

رەقەم ۋە شېئىر تۇتاشقان جايدىن
يېتىپ كەلدى يېڭى ئەسىر.

## قارغا ئىنتىلىش

كۆزنىڭ پۈرىقى چېچىلدى ماڭا،
قارىدىم كۆزنىڭ كۆزىدە ساڭا.
ياپراق قوينىدىكى ئالتۇن رەڭ ھەرىپ
ئۇچۇپ كىردى شېئىرلىرىمغا.

دەرەخ كېيىمىنى سېلىش ئالدىدا
باغاق ئەۋەتتى سۆيۈملۈك قارغا.
ھەمدە ئىغاڭلاپ كەتتى بەك ئۇزاق
سەپسېلىپ ناتونۇش كومپيۇتېرغا.
بىر قىز كېيىمىنى ئاستى دەرەخكە
ۋە چەكسىز ئۈمىدتە ئۇچتى شەھەرگە.
بىر يىگىت كەتمىنىنى يۆلەپ دەرەخكە،
بىر چەكسىز ئۈمىدتە ئۇچتى شەھەرگە.
مەنمۇ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى
شېئىر قىلىپ ئويۇپ دەرەخكە،
بىر چەكسىز ئۈمىدتە ئۇچتۇم شەھەرگە.

نۇر بەك كۆپ ئىدى شەھەر قوينىدا،
ھەتتا كېچىمۇ ئىدى بەك يورۇق.
چاچ ۋە يۈزدىنمۇ چېچىلاتتى نۇر،
نۇرلانغانىدى ھەممە يەر تولۇق.
ھاجەتسىز ئىدى نۇر تىلەپ يۈرۈش،
گەرچە كۆزلەر بولسىمۇ قۇرۇق.

تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كومپيۇتېرغا
تۈزدۈم ئاددىي بىر پروگرامما:
«شەھەرلىك دەرەخكە ئايلاندۇر مېنى،
ھەمدە چۈمكەپ قوي سۆيۈملۈك قارغا!»

## دات باسقان قۇلۇپ

دوقمۇشلاردا دەردىڭنى سوراپ
ئېغىزىنى ئاچقان ھالەتتە
تۇرغان قىزلار ئوخشايدۇ كىمگە؟

بەش قول تەڭ ئەمەس،
سۆزلىگىلى بولار ئازابنى
قىنىپ ئىچىپ بولغاندىلا مەست.
دېھقان تەردە ئېرىپ كېتىدۇ،
ئۇستاز شامدا كۆيۈپ كېتىدۇ،
تۇغۇلۇپلا قالغان ئادەمگە
ئۇ دۇنياغا كەتمەك ئەجەب تەس.

جىق گېپىم بار رەھىمدىل قىزچاق،
ئېغىزىڭنى ئاچقان ھالەتتە
باسقىن مېنى باغرىڭغا ئۇزاق.
شائىر بولۇپ يىغلاپ يۈرگىچە،
چىن شېئىرغا ئايلىنىپ تۈندە،
شۇڭغۇپ كىرىپ يۈرىكىڭگە،
راست قۇياشنى چىققۇم بار ياساپ.

بىر كۈنلەردە دات باسقان قۇلۇپ
ئېچىلىدۇ، سۆزلەيسەن قىزچاق
راست قۇياشنىڭ شېئىرلىقىنى.

## مۇھەببەت دەرسى

مۇھەببەت مەن ئۇچۇن يېپيېڭى دەرس،
مەن ئاڭا، ئۇ ماڭا ناتونۇش تېخى.
تىپتىنچ بىر كۆلدە ياتىمەن ئۇخلاپ،
قونغىنىم پەقەتلا شېرىن چۈش شېخى.

مۇھەببەت تىلىدا سۆزلىيەلمەيمەن،
بىلمەيمەن يېزىقى، تاۋۇشىنى ھەم.
بىلمەيمەن قاي كۆزدىن تۆكۈلىدۇ ئۇ،
ئۇ ماڭا بېغىشلار زادى قانداق تەم.

ئوقۇغۇم كەلمەكتە ئوتلۇق كۆزۈڭدىن،
شۇ يېڭى دەرسنى سۆيۈملۈك قىزچاق.
كەچكۈرس ئاچقىن سەن پەقەتلا ماڭىلا،
قاتنىشاي پەقەت مەن، سەن بەرگىن ساۋاق.


## باغچىغا سىرتتىن قاراش

كىشىلەر باغچىغا كىرەر جۈپ بولۇپ،
مەنمۇ جۈپ بولسامچۇ مۇشۇ مىنۇتتا.
بىلەت يوق ئوخشايدۇ يالغۇز كىشىلىك،
قاراشقا مەجبۇرمەن پەقەت سىرتتا.

كېتىشنى ئويلايمەن تاتلىق چۈشلەرگە،
ۋە لېكىن بۇ باغچا قىلار مېنى رام.
ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ئۆزى كۆيمىگەن
شۇ قىزلار ۋاقتىمنى قىلماقتا ھارام.

كىشىلەر ئىشىكتىن كىرەر جۈپ بولۇپ،
مەن بويۇن سوزىمەن بەختكە قاراپ.
بىرىنىڭ يۈزىنى سىلىسا بىرى،
مەن تەستەك ئىزىنى كېتىمەن سىلاپ.

# ئۈچ شېئىر



## دولقۇن جاپپار

كىرەلمىدى سەندىن تارتىنىپ
ۋۇجۇدىدا ئازاب، تەشۋىشى.

كارىدوردا ئۇنىڭ تىۋىشى
قۇلىقىمدا ھېلىقىدەكلا. . .
ئۇ كېلىدۇ چوقۇم بۇ يەرگە
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ بۇرۇنقىدەكلا.

ئۇ كېلىدۇ چوقۇم بۇ يەرگە
يىرتىلىدۇ تۆت تام، تۆت پەردە.

## بالنېتسىدىكى كۈتۈش

جېنىم ئانا قاراپ باققىنا،
كارىدوردىكى كىمنىڭ تىۋىشى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۇشۇپ كېتەر شۇئان قىزنى تامام
كۆرمەسكە سال، ئاتا ئەگەردە. . .

باھار كىرەر كېسەلخانىغا
ئاقار ئەگىز تومۇر - تومۇردىن.
سىستېرا قىز قالىدۇ مەڭدەپ
تومۇرۇمغا ئۇرغان ئوكولدىن.

## سەھرادىكى تېلېفونىست قىز

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
سەن سەھرانىڭ قەدىمىي چۇشى.
سىملار ئارا كېلەر بۇ يەرگە،
يېڭىلىقنىڭ نازۇك تىۋىشى.

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
كۆرۈشتۈڭمۇ بۈگۈنمۇ يەنە
شەھەر بىلەن ئوچۇق - ئازادە.
نېمە گەپ بار دېھقان توغرۇلۇق،
نېمە ئىشلار بوپتۇ ئۇ يەردە.

كېلەمدىكىن تەكشۈرۈش يەنە،
ئارقىسىدىن قايسى باھالاش.
كۆتۈنۈشلەر قايىتتى زاللاردىن،
ئۆسەمدىكەن ئىش ھەققى - مائاش.

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
سوراپ باققىن بۇ يەرگە بۇ يىل
كېلەمدىكەن خىزمەتچى قىزلار،
كېلىشۈپرىپ چەت دەپ، بەك تولا -
بويتاق بولۇپ قالدى ئوغۇللار.

قاچانلاردا كېلىدىكىن توك،
لازىملىقى يەنە قويىمىكەن؟
قاتناش راۋان بولىدۇ دەيدۇ،
قارارمىكەن ياكى ئويىمىكەن؟

سەھرادىكى تېلېفونىست قىز،
بىزمۇ شۇنداق ئاڭلىدۇق راستمۇ -
چىقىپتۇدەك سىم يولدىن چاتاق.
جەنۇبتىكى قاقاس تاغ ئارا،
جىمجىت بۇ يەر، ئۇزاقتىن - ئۇزاق. . .

## سەككىز لىرىكىسى

ئالبومدا ئادداقى سۈرەت،
سەككىز رومكا تىترەر قوللاردا.
سەككىز كارىۋات سىلكىتىپ ھەسرەت،
سەككىز جۇپ كۆز ئېزىيدۇ ئاستا.

دەۋرەپ كەتكەن ياتاق بىناسى،
يۈرەكلەردە چىلىق - چىلىق ياش.
ئېھ، ھېلىمۇ ئامانمۇ سىلەر،
قەلبىمدىكى سەككىزلا ئاداش.

سەككىز ياققا پەر قاققان قىيماي،
سەككىز ئېغىز «خەير - خوش» بىلەن.
سالامغا قول بەردىم بۇ دەقىق،
كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن.

سېغىنىمەن سىلەرنى ھەر ۋاق،
جەنۇبتىكى كىچىك كەنتتە.
ئېكراندىكى بىنالار ئارا
قايناق ياتاق كېلەر ئېسىمگە.

سېغىنىشتا بېرىپ دەممۇ دەم،
سۈرتكۈم كېلەر پوللارنى قايتا.
سۈرتكۈم كېلەر ئازارلىرىمنى،
كۆز يېشىمنى سۈرتكەندەك گويا.

سەككىز مەۋسۇم، سەرسان شەنبىلەر،
ئاھ، ئاجايىپ لەرزان مۇزىكا.
سالامەتمۇ سىلەرمۇ بۇ دەم،
ئەي تۈنە گۈزەل ستۇدېنتكا؟

يادلىنىدۇ ئىسمىممۇ بىر رەت،
باغرىڭلارنىڭ خىلۋەت تەكتىدە.
توي قىلىۋالدى ساۋاقدىشىڭلار،
ئېھ، ئىيۇلنىڭ تۈنجى كۈنىدە.

* *

ھېسلىرىمىز تۇتاش ۋە تۇتاش،
سەككىز جۇپ كۆز، سەككىز جۇپ ۋەتەن.
يۈرىكىمىز خىيالغا سىرداش،
كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن.

# يولۋاس كىردى ئۆيۈمگە

ئەركىن نۇر




كۆزلىرىمگە قالدىم ئىشەنمەي
چۈنكى سەن ئادەمدەك يۈرۈپسەن مېڭىپ كوچىدا
قاي زامان، ئىزلىگىلى سېنى، ساڭا زار- زار بوپ
سېنى بىر رەت كۆرمەك بەختىمدۇر
بەلكى يېتەر بۇ بەختنىڭ لەززىتى بىر ئۆمۈر ماڭا
ھولۇقتۇم، ھۇدۇقتۇم، يوقىتىپ قويدۇم
ئۆزۈمنى
شۇنچە زور بەختنىڭ ئالدىدا بىردىن

ئەي تەڭرى، ئادەم سىياقىدا مېڭىپ يۈرگەن ئەي
تەڭرىم
سەن ئۇماي ئانىمۇ
مېنى ھەر دەقىق توغۇپ تۇرغان قايتا - قايتىلاپ
ياكى سەن بىر تېرىمچىمۇ
قايتا توغۇلۇش ئۇرۇقىدىن مېنى يېنىش - يېنىش
تېرىغان؟

غېرىبخانامغا
كىرىپ كەلدى بەخت بىردىن .مۈشۈك كەبى
تۈيدۇرماي
كىرىپ كەلدى يېشىل ساقال باھار بوۋىمۇ
كۆزلىرىنى قىسىپ قويدى ئۇ ماڭا
ئەركىلىدى مۈشۈك ھەمدە ماڭا سۇۋۇنۇپ
باش - كۆزىنى سىلاپ قويدۇم ئاۋايلاپ
چەكسىز بىر ئىللىقلىق سويۇلۇپ چۈشتى
قەلبىمدىن

## قايتا ئۇچرىشىش

نېچۈن
يىراقلىغان كۈنلەردە سەندىن
مەن يىراقلاپ كەتتىم تەڭرى، ھەتتا شېئىردىن
نېچۈن
سەن ئېسىم كۆكىدە چېقىلغان تۈندە
ھاياتىمنى پەرىشانلىق گۆگۈملىرى باسىدۇ بىردىن

كېچىلەرنىڭ قاينىمىغا چۆكسەم غەرق بوپ
ئۇندا سېنىڭ شولاڭ ئىدى يۇلتۇزنىڭ ئەكسى
قول سوزاتتىم غايىبانە قوللىرىڭنى تۇتماق ئۈچۈن
ساماغا
قول يەتمەيتتى، سۇزگىنىم
يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى ئىدى بېلىجاندەك ئوچۇملاپ

چاقىردى بىرى
گۈلسۇرۇخنىڭ خۇشبۇي ھىدى تامچىپ تۇرغان
ئاۋازى بىلەن
يورۇپ كەتتى بىردىن ئەتراپىم
قارىدىم، ئىچىمدىكى تەنىنىڭ كۆزىدە
ئالدىمدا تۇرۇپتۇ ئۇستىبېشى نۇر چاچقۇسىغا لىق
تولغان تەڭرى

سەن چاقىرغان شۇ دەمدە
كېچىلەرنىڭ ئىتتىكى
لىق تولغاندۇر مەنىلەرنىڭ دانە ـ دانە ئانارىغا
يېرىلغان.

## تېلېفون ۋە ئۆپۆك

چىقىپ كەلدىم
ئۆز قەبرەمدىن ۋۇجۇدۇمدىكى
تۇزلارنىڭ باھارى كەلسە يېقىنلاپ
قارىمىدىم ئارقامدىكى شۇ
مەن ئۈچۈن سۇدۇم شەھرى ① ئاتالغان قەبرەمگە
قارىمىدىم ئەقلىنىڭ تۆمۈر-تېسەك دۆۋىسىگە
داتلاشقان
جىرىڭلىدى روھىم تېلېفونى
خۇددى چىركاۋ قوڭغۇرىقى ئۈنلىگەندەك

قوبۇل قىلىش تېلېفوننى
ماھىيەتتە قوبۇل قىلىش مۇقەددەس روھنى
سۆزلىشىمەن سەن بىلەن
سۆزلىشىمەن ئۆزۈم بىلەن ھەم
سۆزلىشىمەن تەڭرى بىلەن تەڭ
ئۇنتۇش ئۈچۈن بۇ رېئاللىقنىڭ ئاچچىق تەمىنى
ئۇنتۇش ئۈچۈن ياش پەرقى، يىراقلىق،
ئەخلاقتىن پۈتكەن
تىكەنلىك چېگرا سىمىنى، بەدىنىمىزگە تىغ كەبى
پاتقان

ماكان ـ زامان تۇرىدۇ توزۇپ ماسكاپ كەبى
بىز سۆزلەشكەن دەقىقە
تېلېفوندا
نەقەدەر سۆيۈملۈك ـ ھە! تېلېفون سەندەكلا
گويا تېلېفون ئايلىنىپ قالغاندەك بىردىنلا ساڭا
ئېغىزىمنى سوزدۇم پىچىرلاپ
سۆيۈپ كەتتىم ئىختىيارسىزلا
بىلمىدىم مەن سۆيدۈممۇ تېلېفوننى ياكى
سېنى شۇنچە ئاۋايلاپ. . .

« يالغان
ئۆلۈمدىن باشقا ھەممىسى يالغان! . . . »
دېدىڭ سەن بىراق
كۆرمىدىڭمۇ شۇ تاپ تېلېفوندا
ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈشلىرىمنى
خۇددى قۇچىقىڭدا جان ئۈزگەندەك
بىلىمەن
سەن ئۆلتۈردۈڭ، ياراتماق بولۇپ
مېنى قايتىدىن
ھەممىنى باشلىسۇن پەقەت نۆلدىن دەپ
بىلىمەن
سەن گوياكى مېنىڭ ئۆز ئانام
مېنى تۇغقان شۇنچە مېھرىبان
بالىلىقىم، گۆدەكلىكىم ئۆتكەچ بوۋايدەك
بەڭۋاشلىقتىن يىراق شۇ قەدەر
چۆمۈلىۋالسۇن دەپ بالىلىقنىڭ بۇلىقىغا
قېرىغاندا بولسىمۇ بىر رەت
ھاياتنى ياشىسۇن دەپ، چىن، تەبىئىي ھەمدە
ئەسەبىي. . .

ئەي پەرىشتە، قەلبىمدىكى نۇرانە تۇۋرۇك
سەن ئۆگەتكىن ياشاش ـ ئۆلۈشنى
سەن ئۆگەتكىن ھەممە ـ ھەممىنى
ئۇستاز تۇتۇپ قول بېرەي ساڭا

جىرىڭلىدى يەنە تېلېفون
تېلېفون كەلسە كېلىدۇ سەندىن
باشقا ھېچكىم بىلمەس بۇ نومۇرنى
سەندىن تېلېفون كەلگەندە
نېمىدەپ چۆمۈلۈپ كېتىمەن مۇقەددەس تۇيغۇغا
خۇددى ئىنجىل ئوقۇۋاتقاندەك
لەختە ـ لەختە قان ـ زەرداپقا تولغان يۈرەك
پاكلىنار شۇ تاپ
مەن ئېتىكاپقا ئولتۇرغاندەك

تۆكۈلمەكتە تېلېفوندىن
ئىبادەتنىڭ نۇرلىرى تال ـ تال
مۇدھىش روھىم چوڭقۇرلۇقىغا.

## چۆچەكچى قىز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا. . .
دەيسەن توقۇپ چۆچەكتىن
ئۆزۈڭگە چۈمبەل، گويا
يەتمىگەندەك شۇ ئازابلىق تالاي نىقابىڭ

① تەۋراتتىكى گۇناھقا پاتقان بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

مەن ئەرۋاھمەن پازنىڭ مىسراسىدىكى
توۋلايمەن:
«قان يوقمۇ سەندە؟ نېچۈك ئالدايسەن ئۆز -
ئۆزۈڭنى؟

مەن ئەسەبىي يالماۋۇز
قانغا بەتتەر ئېچىرقاپ كەتكەن
ۋۇجۇدۇمدىن ئېتىلىپ تۇرسىمۇ قانلار فونتاندەك
تۇتۇۋالسام سېنى ناۋادا
چىشلەپ - تالايمەن ئىتتەك
ئېغىز - بۇرنۇم قان بولسىمۇ شورايمەن قانماي
قېنىڭنى
هۇزۇر سۇرىمەن ئۆلۈمىڭدىن
قۇچىقىمدا جان ئۈزسەڭ ئاستا - ئاستا
سەن كىرىسەن چوقۇم جەننەتكە

قان دېمەكلىك ئەيسا قۇيغان شارابتۇر
قان دېمەكلىك مەن ئەڭ تەشنا بولغان سۆيگۈدۇر
قان دېمەكلىك كۆيگەن هايات چاراسلاپ
قان دېمەكلىك چىنلىقنىڭ تاجى
لېكىن ئۇدۇر ئاچچىق ھەقىقەت

سەن ئوخشايسەن ئەي چۆچەكچى قىز
ئۆسمۈرلەر سارىيىدىكى شەيتان ئەينەككە
كۆرسىتىسەن مېنى بەك بەتبەشىرە
كۆرسەتكىنىڭ ۋە لېكىن
ئەمەس ئىچكى دۇنيارىم
ئەمەس هەرگىز چىن نەرسە
كۆرسەتكىنىڭ چىرايىم
جانسىز شەيئىدەك ئۆلۈك بىر جىسىم
ئەمەس هەرگىز ماهىيەت

سەن ئەزەلدىن ئامراق ئىدىڭغۇ
رېئاللىقنىڭ يالقۇنىدىن قېچىشقا
ماشىنا ئاددەمچە ئىرادە، ئەقىل
كونترول قىلىپ تۇراتتى هاياتلىق كېمەڭنىڭ
رولىنى

دولقۇنلار ئارا
ئەمدى يەنە ياشىماق بوپسەن
بۇ دۇنيادىن قېچىپ تېخىمۇ
ئۆزۈڭ توقۇغان چۆچەك ئىچىدە

سەن بەزمىدىڭمۇ بارچە ساختا - سۈنئىيلىكلەردىن
سەن يىرگەنمىدىڭمۇ ئۆز - ئۆزۈڭنى ئالداشتىن؟
كەچۈرىمەن ئالدىساڭ مېنى، كەچۈرمەيمەن
ئۆز-ئۆزۈڭنى ئالدىساڭ!

چۆچەك گۈزەل بولسىمۇ چۈشتەك
ئۇ رومانتىك قىزنىڭ جاهاننامە ئەينىكى

مەن توۋلايمەن ئارقاڭدىن:
قايت! قايت! قايت! . . .

## كېچىكىش

مەن سۆرەلمە بەندىمۇ
كېچىكىمەن خىزمەتكە
باللىقتا كېچىككەندەك دەرسلەرگە
كېچىكىمەن ھەممىگە

بالا چېغىم، باللار
چۆمۈلگەندە باللىقنىڭ بۇلاقلىرىغا
ئاتامنىڭ ئورنىدا ئەتىدىن - كەچكىچە قارىشىپ
بېرەتتىم ئاپامغا
ئۇنتۇپ باللىقمنى
ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى بېرەتتىم قىلىشىپ
سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، بېرىپ جۇۋازغا
ياغلارنى تارتىشىپ بېرەتتىم يەنە
مەن سۆيگەچكە ئاپامنى بەتتەر
ياشىمىغان باللىق هەم بەڭباش ياشلىقنى

مانا ئەمدى، قېرىغاندا
شۇ يوقالغان باللىقنىڭ كېچىكىش قىزلىقى
ئايلانغان بولسىمۇ مومايغا، يەنىلا قىزدەك
ناز بىلەن دولامغا قويىدۇ يېنىككىنە شاپىلاقلاپ
مەن ئويلايمەن، شۇ ياشىمىغان باللىقمنى
ياشاش كېرەك قېرىغاندا بولسىمۇ بىر رەت
ئالجىغان قېرى دەمسەن، ياكى سۆرەلمە
هۇزۇرنى سۇرىمەن ئەمدى شۇ باللىقنىڭ ئېزىپ
ئەزمەمنى
مەن بەخت كارىدۇرىدا ئەتەي ئاستا ماڭغان تاشپاقا
شۇڭا كېچىكىمەن ھەممە - ھەممىگە

ناۋادا
مەن بازاردىن سېتىۋالماق بولسام بىرنەرسە

www.uyghurkitap.com



تاقالغان بولىدۇ دۇكانلار تامام
ناۋادا
مەن چۈشمەكچى بولسام مۇنچىغا
تۇيۇقسىزلا توك كېتىدۇ، توختايدۇ سۇمۇ
خۇددى مېنىڭ ئايىغىم ياراشمىغاندەكلا
مەن بەختىمنىڭ مېۋىسىگە قول سۇنسام
تۈگەپ قالار نۆۋەت ماڭا كەلگەندە
ياكى ئۇ ئايلىنىپ كېتىدۇ تۇيۇقسىز تاشقا

شۇنچە ئالدىراش يۈرسەممۇ
كېچىكىمەن زادى نېمىشقا

ئەپسۇسلاندىم، كېچىكىپ
تونۇشقانغا سەن بىلەن ئەي قىز
كېچىكىشنىڭ قىزلىقى
يۈرىكىمنى كۆيدۈرەر پىژ - پىژ
سەن ئوخشايسەن ئىچىمدىكى ئادەمگە
گويا سېنى سولىۋالغاندەك يۈرەك - باغرىمغا
شۇ قەدەر يېقىنسەن، ماڭا بەك يېقىن
مۇڭداشقۇملا كېلىدۇ دائىم
كۆرۈشكۈملا كېلىدۇ كۈندە
قورقىمەن
تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالغاندەك توك، سۇ،
سېنىڭ كېتىپ قېلىشىڭدىن
قورقىمەن
سەنسىز يەنە مەنسىز، مۇدھىش ياشاپ ئۆتۈشتىن

مەن تاپتىممۇ ئاخىرى
ئۆمۈر بويى ئىزلەپ يۈرگەن سىرداش كىشىمنى؟

ھەي
مەن قانچىلىك بولغان ئىنتىزار
ساڭا ئوخشاش سىرداش تېپىشنى
تاپالمىغاچ بۇ ئالەمدىن
ھەمراھ قىلغان ئۆزۈمگە لاۋرېنس ھەم ئىنجىلنى

ئۆتمۈشۈمدىن ھېساب ئالىمەن
ئۆتكەن بولسا ھايات بىھۇدە
قوشلاپ - قوشلاپ تولدۇرۇۋالىمەن

بىز ئۈچۈن كېچىكىشتۇر ھەممىسى
تېخى قىزلىقى بۇزۇلمىغان.



## يولۋاس كىردى ئۆيۈمگە

يولۋاس كىردى ئۆيۈمگە بۆسۈپ
بۆسۈپ كىردى قەلبىمگە «بىر ئوت»
بلوك مىسراسىدىكى①

قورقتۇم ئۆزۈمچە
«قورقۇنچلۇق گۈزەللىكنىڭ سىماسى»②دىن
ئالا - چىپار شۇ تۈرقى بىلەن
ئەڭ ھېسسىياتچان بىر قىزدەك كۆرۈنگەچ ئۇ
كۆزۈمگە

كىچىكىمدە مەنمۇ بورخىستەك③
ئامراق ئىدىم يولۋاسقا قەۋەت
سىزىپ چىقاتتىم ئۇنىڭ رەسىمىنى بېرىلىپ
چۈشلىرىمدە قەپەستە
مەن كۆرگەندە يولۋاسنى
سىلىغۇم كېلەتتى ئۇنى ھەۋەستە
چۈنكى ئۇنىڭ بار بولاتتى بىر جۈپ قانىتى
ھەي ئىسىت، دەيتتىم مەن بىردىن
ئۇنىڭ شۇ ھالىدىن ئىچىم سىيرىلىپ

مەن چوڭ بولغاچ خىلۋەت سەھرادا
كۆرەلمەيلا كەلگەن يولۋاسنى
مانا ئەمدى ئۇ كىرسە ئۆيگە
تۇخۇ يۈرەكمۇ مەن، قورقتۇم نېمىشقا؟

---

① بۇ يەردە، ئەنگلىيە كلاسسىك شائىرى بىلوكنىڭ «يولۋاس يارقىن ئوت» دېگەن بىر سۆزى كۆزدە تۇتۇلغان.
② ئەنگلىيە يازغۇچىسى گۇبېرت كاتىس چېستېرتون (1874 ـ 1936) نىڭ يولۋاسنى تەرىپلەپ، ئۇنى قورقۇنچلۇق گۈزەللىكنىڭ سىماسى، دېگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ بورخىس لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ زامانىۋى ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گىگانت ئەدىب.

ئۇنىڭ تېنىدىن
تىللا كەبى تۆكۈلەتتى شەھۋەتنىڭ چىدىغۇسىز
گۈزەل نۇرلىرى
يورۇپ كەتتى تۈن نىسبىدە زۇلمەتلىك ئۆيۈم

قوشنامنىڭ بالىسى كۆرگەندە ئۇنى
قىرقىراپ يىغلىدى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ
مەن كۆردۈم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈمنى
خەۋپسىرىدىم
ئۇنىڭ كىچىك بالىلارنى، ھەتتا يەپ تاشلىشىدىن
مېنى ھاپ ئېتىپ
ئويلۇدۇم
مەن ئۇۋچىمۇ ۋە ياكى ئۇ
كەلدىمىكىن ئوۋلاشقا مېنى
نېمە بولسا باشقا كەلگەننى
كۆرمەمدىمەن بىراقلا قېنى
مەن شۇ قەدەر ئامراق تۇرۇپ
دوست بولۇشقا، يولۋاستىن
قورقىدىغان ئۇنچە زەئىپ، ئاجىز ئەمەسقۇ؟!

قوشنام دېدى: بىلمەمسىز
ئۇ دېگەن ئەڭ يىرتقۇچ، غالجىر مەخلۇق تۇرسا
قانداقچە
دوست بولۇپ بولسۇن
شائىر دېگەن قىزىق - تە!

خەقلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن
مەن ئامراقمەن يولۋاسقا قەۋەت

ئۇ بولغاچقىلا ئەڭ يىرتقۇچ، ئەڭ غالجىر ھەمدە
ياۋايى
كۆنمىگەچ، بويۇن ئەگمىگەچ ھېچنەرسىگە پەقەت
ۋە پەقەت

قىيامەتلىك ئەي دوستۇم
سەن ئوخشايسەن كالا كۆزلۈك قىزنىڭ ئوغرى
كۆزىگە
ئۇ كۆز ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ
كۆزىنى ئۆزەلمەي ئۇندىن بىر يىگىت
ئۇ كۆزنىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشىنى
تىلىگەندەك
مەن تىلەيمەن قورقۇنچنىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك
بولۇشىنى
يايراپ كېتىمەن ئىچ - ئىچىمدىن سېنىڭ
قورقۇنچىڭدا

ئەسەبىي

سېنى ئوخشاتتىم شۇ تاپ
مەن كىچىكىمدە ئامراق مۈشۈككە
باش - كۆزلۈك، يىرىك بۇرۇتلىرىڭ بەئەينى
مۈشۈكنىڭ ئۆزى
مەندەك بىر تەنھا، بويتاقنىڭ يوتقىنىغا كىچىسى
مۈشۈك ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ كىرسە نەقەدەر
راھەت - ھە!

يولۋاس كىردى ئۆيۈمگە
قورقۇپ تۇرۇپ يېقىنلىماق بولدۇم مەن ئاڭا.


## VCD ئىشلىگۈچىلەر ئۈچۈن خوش خەۋەر

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي ئاخبارات - تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قارىمىقىدىكى «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى ئىجادىيەت مەركىزى» تېلېۋىزىيە فىلىمى، سىنئالغۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىگۈچىلەرگە سالام يوللايدۇ.

بۇ ئىجادىيەت مەركىزى سىزنى ئۆزىنىڭ خىللانغان سىنارىيە ئاپتورلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن كوللېكتىپ ھالدا ئىجاد قىلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى، ئېپىزوت، تېلېۋىزىيە فىلىيەتونلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئىمىرھەسەن (ئىشخانا) 2818897
پولات ھېۋزۇللا 1389947614، 17440 - 2834799
ئەركىن نۇر 8059378 - 98980

ئۇيغۇر كىتاپلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ستۇدېنتلار تۇرمۇشى

**مۇھەررىردىن:** بىز ئاۋۋالقى سانلىرىمىزدا «ستۇدېنتلار» سەھىپىسىنى تەسىس قىلغان ھەمدە بۇ سەھىپىدە ستۇدېنتلارنىڭ نوقۇل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەنىدۇق. بىز بۇ سانىمىزدىن ئېتىبارەن ستۇدېنتلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر، مەنىۋى ئېھتىياج ۋە تەلەپلىرى، ياشلىق مەزگىلىدە ھەممە كىشى بېشىدىن كەچۈرمەي قالمايدىغان شېرىن مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ھەمدە دەۋردىن، جەمئىيەتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئاخباراتلار ياكى مەكتۇپ ۋە كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن تاللانمىلار بېرىشنى، بۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبى بىلەن جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

شۇڭا ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ يېڭى سەھىپىمىزگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئەمەلىي قوللىشىنى، ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەر، كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشىنى قارشى ئالىمىز.

## ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ستۇدېنتلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

**ھەبىبۇللا رەجەپ، مۇھەممەت راخمان**

### مۇقەددىمە

گۈلشەن 1991 - يىلى 7 - ئايدا دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئاخىرى قولىغا چاقىرىق قەغىزى تەگدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بۇ قەغەز شۇ تاپتا دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ 18 يىللىق ھاياتىدا تۇنجى ئېرىشكەن خۇشاللىقىمۇ، بەخت - تەلىيىمۇ مۇشۇ قەغەز ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ گۈزەل ئىستىقبالى كاپالەتكە ئىگە بولغانىدى، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى 11 جان كىشىمۇ ئوخشاشلا شادلىققا چۆمدى. مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلار بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەشتى... ئۇزۇن يىللىق ئېتىز - ئېرىق ھاياتىنىڭ كەچمىشلىرى چىرايىدا ئەكس ئەتكەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىنى

ساقال باسقان، تېپىك دېھقان سەمى ئاكا خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا قىزىغا:

— قىزىم، سىز ئائىلىمىزدىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىڭىز، ئۆز بالىسىنىڭ بەختىدىن شادلانمايدىغان ئاتا بولامدۇ. مەنمۇ شۇ تاپتا سىزدىن ئۆتە خۇشال. ئەمما سىز ئوقۇشقا بارغاندا ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ بىر نامرات دېھقان ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ، ياخشى ئوقۇپ ئۈمىدىمىزنى ئاقلاڭ! ـ دېدى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئۆز خۇشاللىقىنى باسالماي، يۈرىكىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتتى.

— ئانا ئۇچۇن ئۆز باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالىدىن ئايرىلىش ئەڭ ئېغىر. لېكىن قىزىم، سىز ئائىلىمىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدىڭىز، ياخشى ئوقۇپ، بىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلماڭ!

دېھقان دېگەن ھەممىگە كۆنۈك خەق. پۇل بولمىسىمۇ، قورسقى تويسىلا بولدى. ئەمما ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياقا يۇرتلاردا قورۇلۇپ، قىسىلىپ قېلىشىغا يۈرىكى چىدىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزلىرى گۈلشەننىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورنىشىپ كەتتى. ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىمۇ ئايان. يىلىغا 108 قېتىمدىن ئارتۇق بوران چىقىدىغان بۇ يۇرتتا ئون نەچچە مو يەرگە تايىنىپلا قانچىلىك ئۇنۇم ياراتماقچى؛ بىر قېتىم زىرائەتنى تېرىپ بولۇپ، مايسىلار ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە بوران رەھىمسىز چاڭگىلىنى سوزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. قايتا تېرىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ بوراندىن ئۆتكۈزسە پىت ئاپىتى، قۇرت ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى. . . ئىشقىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تارتىدىغان جاپاسى ئاز ئەمەس. ئۇ تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىك فاكۇلتېتىنىڭ زىرائەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانىدى. دېمەك، بۇ ئاتىسىغا ئوخشاش جاپاكەش دېھقانلار ئۇچۇن تولىمۇ ئەسقاتىدىغان كەسىپ: ئۇ چوقۇم ياخشى ئوقۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەجرى ـ مېھنىتىگە تۇشلۇق جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. توغرا، گۈلشەن شۇنداق ئىرادىگە كېلىشى كېرەك. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ نامرات يۇرتى ئۇچۇنمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

گۈلشەن ئوقۇشقا ماڭغاندا، ئۆز ئىستىقبالىنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ، ئوقۇشۇم پۈتسە چوقۇم تەلەپ قىلىپ قايتىپ كېلىمەن، بۇ يۇرتنىڭ غوللۇق تېخنىكى بولۇپ، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشىغا جان پىدالىق بىلەن ئەجىر سىڭدۈرىمەن، شۇ ئارقىلىق قەددىنى كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىمەن، دەپ ئويلىغان ھەم بۇ ئويىدىن چەكسىز سۆيۈنگەنىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ خۇددى ئۇنى ئوقۇتقاندىن بۇيانقى ئون نەچچە يىللىق ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك بولغان ھەمدە قىزىمىز ئەمدى ھۆكۈمەت قويىنىغا ئۆتىدىغان بولدى، بىزدەك ياكى ئاكىسى، باشقا سەككىز ئىنى ـ سىڭىللىرىدەك ئېتىز ـ قىرلاردا قارا كۈچىگە تايىنىپ جاپالىق ئىشلەشتىن قۇتۇلىدىغان بولدى، دەپ خۇشال بولغانىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئارتۇقچە غەم قىلىپمۇ كەتمىگەنىدى. چۈنكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتىمۇ، شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى، ئۇنداق ئوقۇغۇچىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ھېچكىممۇ ئارتۇقچە غەم قىلىشنىڭ ئورنى قالمايتتى. مانا ئەمدىلىكتە زاماننىڭ چاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە، تەلەي كاجلىق قىلدى.

گۈلشەن پەقەت ياخشى ئوقۇسىلا، ئۆز كەسپىنىڭ جەمئىيەتكە، ئۆز يۇرتىغا ئەمەلىي ئەسقاتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا، مەكتەپتىن ئۇنى ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ نورغۇن باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۆز يۇرتىغا كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ، ناھىيىگە بارسام چوقۇم تالاشتا قالىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ناھىيىگە كەلگەندە ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. . .

بىرىنچى بولۇپ ئۇ ناھىيە بازىرىدا قالالمىدى، يەنە كېلىپ ئۇ چەتتىكى ئۆز يېزىسىغا تەقسىملەنگەن بولسىمۇ، شتاتسىز ھالدا بىكىرىغا ئىشلەپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

## ئىشقا ئورۇنلىشالماي ئىككى يىلغىچە ھەقسىز ئىشلىگەن ستۇدېنت ئاخىر ۋالىيغا دەرد تۆكتى، بۇ قىزنىڭ خېتى ۋالىينىڭ دىققىتىنى تارتتى

ئۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بۇنداق بولارىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە نامرات، يوقسۇل بىر ئائىلە بولۇشىغا قارىماي ئۇنى ئىندىكى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كۈچەپ، مىڭبىر تەسلىكتە بەش يىللىق ئوقۇشىنى تۈگەتتى. بەش يىلغىچە ئوقۇش پۇلى، تۇرمۇش پۇلى، كىيىم - كېچەك ۋە ھەر تەتىللىك بېرىپ كېلىش ھەم باشقا ئاللىقانداق ئىشلار ئۈچۈن جەمئىي 40 مىڭ يەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ بولدى. ئۇلار بۇ پۇللارنى ياغاچ - تاش ياكى شۇ بىرنەچچىلا چارۋىلىرىنى سېتىش ۋە ياكى باشقىلاردىن قەرز ئېلىش يولى بىلەن ئاز - ئازدىن، ئۇدۇللۇق غەملەپ يۈرۈپ تاپقانىدى. ئاتا - ئانىسى قىزىنى بەربىر ھۆكۈمەت قويىدىكى كادىر بولىدۇ، بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلا ھەرقانچە بولسىمۇ چىدايلى، دەپ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ چىدىۋەتكەنىدى. قىزى گۈلشەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقسام، بىرنەچچە يىلغىچە توي قىلىشنى ئويلاشماي، كۆپ بولمىسىمۇ شۇ مائاشىمنى ئۆيگە تولۇق ئەكىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ يەڭگىللىتىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپمۇ ئۇنىڭ يەنىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، بۇ ئۆيدە ئۈچ ۋاق تاماق يەپ، ئۇلار ئېلىپ بەرگەن كىيىم - كېچەكلەرگە ۋە ئۇلار زۆرۈر تېپىلغاندا بېرىدىغان پارچە - پۇرات ئىشلاردا خەجلەيدىغان پۇلىغا قاراشلىق ھالدا ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ھەتتا ئۇلارغا ئېغىر بىر يۈك بولۇپ ياشاش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كېلىۋاتاتتى. ئۇ، كۆپ قېتىم بۇ ئۆيدىن، بۇ ناھىيىدىن چىقىپ كېتىشنى، ھېچكىم تونۇمايدىغان ئاللىقانداق يىراق جايلارغا كېتىشنى، شۇ ئارقىلىق ھەممىدىن بىراقلا خالاس بولۇشنىمۇ ئويلىدى. تۇرۇپ ئۆلۈۋالغۇسىمۇ كېلەتتى، ئۇ بۇنداق چاغلاردا خالىي، پىنھان جايلارغا بېرىپ تازا بولۇشىغا كۆز يېشى قىلاتتى. ئىچىنى بوشاتقاچ باش - ئاخىرى يوق ھەر قىسما خىياللارنى قىلىپ كېتەتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ دادىسى - پۈتكۈل ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دادىسى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالدى،

ئائىلىنىڭ تۈۋرىكى سۇندى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئۇ بالىنىڭ چوڭى، يەنە كېلىپ ھازىرغىچە ئاتا - ئانىسى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتقان بىردىنبىر بالا تۇرۇقلۇق بۇ ئائىلىگە يۆلەك بولالمىسا - ھە!... ئۆزىدىن باشقا سەككىز بالا بۇ ئۆيگە قاراش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئائىلىگە تايىنىپ جان ساقلايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى كىچىك ئىككى ئۇكىسىغا ھەتتا تۆلىگۈدەك ئوقۇش پۇلىغىمۇ چىقىنالماي ئوقۇشتىن قالدى. ئۆيدىكىلەر ئېتىز - ئېرىقتىن يىلدا بىر كىرىدىغان يوق ھېسابىدىكى شۇ ئازغىنە كىرىمگە تەلمۈرۈپ ياشايدۇ. قانداق قىلاي؟ تېخى خىزمەتكە رەسمىي ئورۇنلاشماي تۇرۇپلا خىزمەتنى تاشلايمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا ئاتا - ئانامۇ ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدى. ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇش، ئۆگەنگەنلىرىدىن ۋاز كېچىش، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قەلبىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بىلەن باراۋەر، ئاھ، ئالىي مەكتەپ ھاياتى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، نېمىدېگەن غەمسىز ئىدى - ھە! ئۇ چاغلىرىم خۇددى بۆرەكنىڭ ئىچىدىكى ياغدەك تولىمۇ خاتىرجەم، غەم - غۇسسىسىز ئۆتۈپتىكەن، تېخى شۇ چاغلاردا تېزرەك ئوقۇش پۈتتۈرسەك، چاپسانراق خىزمەتكە چىقساق دەپ ئارزۇلاپ كەتكىنىمنى ئەخمەق بولۇپ... مانا ئەمدى ئوقۇشنىمۇ پۈتتۈردۇم، جەمئىيەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشەندىم.

ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرسىمۇ ئىشسىز يۈرگەنلەر، ھەتتا ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولغانلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىر خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىر كۈنى، قىزىنىڭ مۇشۇ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدا ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، شتاتىنىڭ تېخىچە ھەل بولمايۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار بولغان ئاتىسى ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

— شتات مەسىلەڭ ھەل بولدىمۇ، قىزىم؟

— ھەل... ھەل بولدى، ئاتا، — دېدى قىزى گۈلشەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە بولسا كۆزىگە تېخىمۇ يامان تەسىرى بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئەتەي يالغان سۆزلەپ.

— راستىمۇ بالام؟ قېنى كەلگىنە، يېقىن كەل، شۇنچە يىغلىۋىدىڭ، ھەنىم بولسا ئىشىڭ ھەل بوپتۇ، كۆپ يىغلاۋېرىپ ئاخىر دەرد - ھالىڭ خۇدانىڭ باغرىنى ئېرىتكەن ئوخشايدۇ، قېنى كەلمەمسەن، بىرنى سۆيۈپ قوياي، قىزىم.

گۈلشەننىڭ مۇنداقچىلا دەپ قويغان گېپىگە ئاتىسى راستىنلا ئىشىنىپ قالغانىدى، ئۇ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئاتىسىنىڭ ئىشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى سېزىپ قالسا قانچىلىك ئازابلىنىپ تۈگىشىپ كېتىدىغىنىنى ئويلاپ بىردىنلا قورقۇپ كەتتى. ئەمما ئارقىغا يېنىۋېلىشىنىڭ ئورنى يوق، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى. ياندۇرۇۋالغىلى بولمايتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ ئاپىسى ئايىغىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغۇچە تولا قاترايمۇ، كۆزلىرىنىڭ يېشى قۇرۇپ تۈگىگىچە يىغلاپ تۇرۇپ ھالىنى شۇنچە ئېيتىپمۇ ئۇنىڭ شتاتىنى ھەل قىلالمىغان، ئۇ گەرچە ئىش ئورنىدا نورمال ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ بىر يىلنىڭياقى بىر تىيىنمۇ مائاش ئېلىپ باقماي بىكىرىغا ئىشلەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇنى ئويلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۇلشەننىڭ بويىغا يىغا ئۇلاشتى.

– نېمىگە يىغلايسەن، – دېدى ئاتىسى ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلىغاندا قولى تەگكەن ياشتىن چۆچۈپ، – شۇنچە يىغلىغىنىڭ يەتمەمدۇ، ئىشىڭ ئاران ھەل بولغاندا كۈلمەي يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟! . . .

– شۇ خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاۋاتىمەن، ئاتا . . . – دېيەلىدى گۇلشەن تەستە يالغان سۆزلەپ، – ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى يىغىسى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك، شۇنچىلىك ئازابلىق، شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى، ناۋادا ئاتىسىنىڭ كۆزى ئوچۇق بولۇپ قىزىنىڭ بۇ يىغىسىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن، يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەي ئاتىسى گۇلشەننىڭ كىچىك ئۆكىسىنى يول باشلىتىپ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى. قىزى گۇلشەن ھاسىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتقىنىچە ئۆكىسىنىڭ ئارقىدىن ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئاتىسىنى كۆرۈپ كۆڭلى نېمىدۇر بىرنېمىنى تۇيغاندەك بىر قىسىما بولۇپ قالدى.

– ئورنۇڭ قايسى قىزىم، – دېدى ئاتىسى ھاياجان ئىچىدە دىرىلدەپ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر سىلاشتۇرماق بولۇپ ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، – كۆزۈم ئوچۇق ۋاقتىدا ئىش ئورنۇڭنى، سېنىڭ ئىشخاناڭنى، ئولتۇرىدىغان ئىش ئۈستىلىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەرمەن، دەپ شۇنچە قىلساممۇ كۆرۈش نېسىپ بولمىغان . . . ئەمدى كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالغاندا بولسىمۇ ئورنۇڭنى سىلىۋالغىلى، سېنىڭ ئولتۇرغان ئورنۇڭنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىۋالغىلى، سېنىڭ ھىدىڭنى كۆكرەكلىرىمگە تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ سۈمۈرۈۋالغىلى كەلدىم، قىزىم . . .

گۇلشەن ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىدىن، ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى يىغىدىن تۇتالماي ئۆزىنى ئىشىك سىرتىغا ئاتتى . . .

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ يېگىنى زەھەر، ئىچكىنى ئوغا بولدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن تۇگىشىپ كېتىۋاتاتتى. بولمىدى، ئاخىر بولمىدى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. كۈتۈشنىڭمۇ، چىدام - غەيرەتنىڭمۇ، سەۋرنىڭمۇ، ھەممە - ھەممىنىڭ چېكى بولىدىغۇ - ئاخىر! ؟

ئاتىسىنىڭ كۆزىنى نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا كۆرسەتكەن، قىلمىغان، ئىشلەتمىگەن دورىلىرى قالمىغان بولسىمۇ ئۇنى يەنە داۋاملىق تېخنىكىسى ئۈستۈنرەك باشقا دوختۇرخانىلارغا كۆرسىتىپ باقماي، ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاتماي بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئائىلىگە ھەرقانداق بەدەل تۆلىسىمۇ ئەرزىيتتى، ئىچكىرىدىكى دوختۇرخانىلارغا، ھەتتا چەت ئەللەرگە بېرىشقىمۇ توغرا كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەتتى، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆيلەنسىمۇ يەنىلا نۇرغۇن پۇل كېرەك بولاتتى. ئۇلارنىڭ نامراتلىق يېغىپ تۇرىدىغان ئۆيىدىكى ھەر بىر ئائىلە سايمانلىرىدىن، چوڭ - كىچىك ھەر بىر تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن «پۇل! پۇل! پۇل!» دەۋاتقان ياڭراق، ئەمما تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر سادا توختىماي ياڭرايتتى. بۇنداق چاغلاردا گۇلشەن قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، بېشىنى چىڭ چاڭگاللىغانچە مىڭ يېرىدىن تارام - تارام تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

ئاتىسى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ باياشات ياشىغانلىقىنى پات - پات تىلغا ئېلىپ ئېغىر خۇرسىنىپ قوياتتى. مۇدھىش كەلكۈن ئاپتى خۇددى يەجۈجى - مەجۈجىدەك پۈتكۈل مەھەللىنى سۈپۈرۈپ كەتتى، شۇ قاتاردا ئۇلارنىڭ باغ - ۋاران، ئۆي - ۋاقىنىڭ ھەممىنى، ئۇلارنىڭ بايلىق، بەخت - سائادىتى، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئىستىقبالى بىلەن قوشۇپ سۈپۈرۈپ كەتتى.

گۇلشەن كادىرلار ئىدارىسىنىڭ گېپى بويىچە شتاتىنىڭ ھەل بولۇشىنى يەنىلا كۈتتى.

سائەتلەپ، كۈنلەپ ئەمەس، بەلكى ئايلاپ، يىللاپ كۈتتى. ئەمما بۇ كۈتۈشنىڭ چېكىگە مەڭگۈ يەتكىلى بولىدىغاندەك قىلمايتتى.

ئۇ ئۆزىدەك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ خىزمەتسىز قېلىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى. ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ بۇ خىل ئىشەنچىسىنىڭ بۇ يىقىنلاردا ئەمەلگە ئېشىشىدىن ھېچبىر دېرەك بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنىلا كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئەمما بۇ كۈتۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىن كۈنگە قىيىنغا توختاۋاتاتتى. ئەمدى داۋاملىق بەرداشلىق بېرىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالغانىدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى، بىر كۈنى كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئوي كەلدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك، قانداقتۇر بىر يەرلەردە خىرە - شىرە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغاندەك بولدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي دېگەن مەقسەت بىلەن قولىغا قەغەز، قەلەم ئالدى. . .

«ھۆرمەتلىك ۋالىي مۇھەممەت رەجەپ تاغا:

مەن تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1996 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ، 1997 - يىلى 1 - ئايدا توخسۇن ناھىيىسىنىڭ غولبويى يېزا دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىغا تەقسىم قىلىنغان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى بولىمەن. تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىغا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، يۇرتۇمنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشنى ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، سىز، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، توخسۇن ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۇزلۇك ئاپەتلەرگە ئۇچراپ، مالىيە جىددىي بولۇش سەۋەبىدىن مېنىڭ ئۆز كەسپىمگە ماس كېلىدىغان خىزمەت ئورنۇم بولسىمۇ، بىراق شتاتىم ھەل بولمىدى. شۇڭا خىزمەتكە قاتناشقان ئىككى يىلدىن بۇيان، پونكىت ماڭا رەسمىي خىزمەت تەقسىم قىلىپ بەرمىدى. ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن پىلانلىرىم بار بولۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەزى خىزمەتلەرنى تەلەپ قىلغان بولسامۇ، رەسمىي شتاتىم بولمىغانلىقتىن رەت قىلىندىم. بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا تولۇق كۇرستا ئوقۇغانلار خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر يىلدىن كېيىنلا ياردەمچى تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشىسە بولاتتى. بىراق ئىككى يىلدىن بۇيان، مەن بىرەر تەجرىبە ياكى ئۇلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ باقمىدىم. ئەسلىدە مەن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق مەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ قىزى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئائىلىمىز نامرات، شارائىت يار بەرمىدى. ھازىر يېشىممۇ چوڭىيىپ قالدى. بىراق توي ئىشىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمەن. مەن خىزمەتكە قاتناشقان ئىككى يىلدىن بۇيان، بىر تىيىنمۇ مائاش ئېلىپ باقمىدىم. ئائىلىدە 11 جان بار. يەردىن قىلغان كىرىمدىن باشقا ھېچقانداق كىرىم مەنبەيىمىز يوق. مەن بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى. ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئاتامنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. داۋالاتقان بولساقمۇ تازا ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. ئائىلىمىزدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولغانلىقتىن، ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەيمىز. ئاپام مېنى دەپ كۆپ قېتىم ناھىيىگە بېرىپ ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. بۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكىم قاتتىق ئېچىشتى. ئۆزۈم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمەن. ئۆز ئاتا - ئانامغىمۇ تۈزۈكرەك ھەمدەمدە بولالمايۋاتسام، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچالايمەن؟ !

ھۆرمەتلىك ۋالىي تاغا، مەن يۇقىرى تەربىيە ئالغان قىز، ماڭا پەقەت خىزمەتلا بېرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسا، چوقۇم نەتىجە قازىنالايمەن. مېنىڭ ياشلىق باھارىمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغۇم، ئوقۇغان كەسپىمگە ماس كېلىدىغان خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلغۇم يوق. ماڭا ياردەم قىلىڭ، توخسۇن ناھىيىسىدىكى ماڭا ئوخشاش خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مائاش ئالالمايۋاتقان، ئائىلىسى نامرات ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىڭ!

ھۆرمەت بىلەن:

توخسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن

گۈلشەن

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى»

گۈلشەننىڭ ئەملىي ئەھۋالى، ساددا ۋە سەمىمىي ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ خەت ۋالىي مۇھەممەت رەجەپنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ، بۇ خەتكە مۇنداق تەستىق يازدى.

«كادىرلار ئىدارىسىغە:

ساۋاقداش گۈلشەننىڭ بۇ خېتىدە ئۇنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمىتى ۋە مائاشى ئەمەلىيلەشمىگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك سۆزى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مېنىڭچە بۇ خەتنى «تۇرپان گېزىتى»دە ئېلان قىلىش كېرەك. بۇ خەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسىنى قانداق قىلىشنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى ھەمدە كونكرېت چارە - تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بۇ مەسىلىنى يەنە كەينىگە سۈرمەسلىكى لازىم.

مۇھەممەت رەجەپ

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى»

بۇ ئىككى پارچە خەت «تۇرپان گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەندىن كېيىن، باش مۇھەررىر ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى ھەم گېزىتنىڭ 1 - مارت سانىدا «ئىش ئورنىغا رەسمىيلىشەلمىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ شىكايەتنامىسى ۋالىينىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ئېلان قىلىندى. گېزىت تارقىتىلغاندىن كېيىن بۇ خەۋەر تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كىشىلەر شۇ سان گېزىتنى تالىشىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇشتى. لېكىن گېزىتكە چىققان بۇ خەۋەر گۈلشەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياشلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قانچىلىك رول ئوينىيالايدۇ؟ بۇنى گۈلشەنگىمۇ، مۇشتىرىلارغىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

## ئىشقا رەسمىيلىشەلمىگەنلەر يالغۇز گۈلشەنلا ئەمەس، تېخى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىڭچە ئوقۇغۇچىمۇ بار

ئۇ، بۇ كۈنلەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇيالمايتتى. پات - پاتلا بۇ كۈنلەر ئېسىگە يېتىپ قالغۇدەك بولسا، بويى ئىختىيارسىز تىكەنلىشەتتى، شۇنداقتىمۇ بۇرۇنقى ئىشلار مېڭىسىگە كىرىۋېلىپ، زادىلا ئارام بەرمەيتتى.

- گۈلشەن سەمى، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىك فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھە، ئىسمىڭىزنى ئارخىپقا ئېلىپ قويدۇم، ئەمدى ئائىلىڭىزدە خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتۈڭ!

- نېمە؟ - گۈلشەننىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ سەپكەندەك تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى، - ھازىر تەقسىم قىلمامسىلەر؟

- شۇنداق، ھەممە ئورۇندا ئادەم تولۇق، شتات كەلسە ئاندىن تەقسىم قىلىمىز!

1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرى، ئۇ

كادىرلار ئىدارىسىگە بېرىپ ئېرىشكىنى ئەنە شۇنداق جاۋاب بولدى. ئۇنىڭ مەكتەپنى تۈگەتسەملا خىزمەتكە چۈشىمەن دېگەن شېرىن ئارزۇلىرى ئەنە شۇنداق كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ كۈنى ئاتا - ئانىسى ۋە ئىنى - سىڭىللىرى ئۇنىڭ خىزمەت خۇش خەۋىرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئەپسۇس، گۈلشەننىڭ روھى سۇلغۇن هالدا كىرىپ كېلىشى ھەممەيلەننى بىر خىل تەئەججۇپكە سېلىپ قويدى. يەنىلا ئاپىسى سۆز باشلاپ:

- قىزىم! تەقسىمات ئىشى قانداق بولدى؟ - دەپ سورىدى.

- ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇڭ دەيدۇ، - گۈلشەن-نىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى سىرغىشقا باشلىدى.

- بۇ قانداق گەپ، ھۆكۈمەتتە بەش يىل ئوقۇسىمۇ خىزمەت بەرمىسە، مەن ئۆزۈم بېرىپ ناھىيە باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن! - دېدى ئاپىسى ئاچچىقلاپ.

دېھقان خەق دېگەن شۇنداق ساددا كېلىدۇ. بالىمىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتتىمۇ بولدى، ھۆكۈمەتنىڭ مائاشلىق ئادىمى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

گۈلشەن ئەنە شۇنداق «كۈتۈش» دېگەن ئىبارىگە يۈزدە يۈز ئىشىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە، توخسۇن ناھىيىسىدە تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. شىددەت بىلەن لەڭ ئۇرۇپ كەلگەن كەلكۈن خۇددى ئەجدىھادەك 3182 ئائىلىنىڭ ئۆي - ماكانىنى يالماپ ئېقىتىپ كەتتى. 100 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەت خانىۋەيران بولدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا غەم - قايغۇ، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەككە موھتاج. كەلكۈن توخسۇن ناھىيىسىگە 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان سېلىپ، ناھىيىنى قىيىنچىلىق تورىغا سولاپ قويغانىدى. غولبويى كەتتىمۇ بۇ خىل پالاكەتچىلىكنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. گۈلشەننىڭ ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئەزەلدىنلا بۈگۈننى ئەتىگە ئۇلاپ ئۆتۈۋاتقان بۇ ئائىلىدە يەنە قىيىنچىلىق كۆپەيدى. ئاپەت ئەنە شۇنداق رەھىمسىز. نۇقتىلىق نامرات ناھىيە ھېسابلىنىدىغان توخسۇن ئۈچۈن كەلكۈن ئاپىتى يەنە ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم پەيدا قىلدى. مالىيە كىرىمى ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالمايۋاتقان بۇ ناھىيە ئۈچۈن، يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش بىر مەسىلە ئىدى. بىر كۈنى بىر دېھقان كېلىپ بىر باشلىقنىڭ بېشىنى ئاغرىتسا، ئەتىسى يەنە بىرى كەلگەن. ھەممىسىلا «بالىمىزنى ئاز پۇل خەجلەپ ئوقۇتمىدۇق، تارتقان جاپايىمىز ئاز ئەمەس، نېمىشقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمايسىلەر» دېگەنگە ئوخشاش سوئال - سوراقلارنى ياغدۇرۇپ تۇرغان. ناھىيە دېگەندە ئىش ئازمۇ، رەھبەرلەرنىڭ ئىشى ئەنە شۇ «بالامنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇڭ» دەپ كۈندە كېلىۋاتقان نەچچە يۈز ئادەمگە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سېلىشلىمۇ؟ بۇ، ناھىيە ئۈچۈن چوڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغانىدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىر كادىرلار ئىدارىسى شتات كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ناھىيە بويىچە مىڭدىن ئارتۇق ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇغان كەسىپ تۈرلىرى بويىچە مائاش بەرمەي، تەقسىملەنگەن ئورۇندا شتات كۈتۈپ تۇرۇشنى بېكىتىپ، ناھىيىگە چۈشۈۋاتقان ئىجتىمائىي بېسىمنى بىرئاز يېنىكلەتتى. 1997 - يىلى 1 - ئايدا گۈلشەنمۇ غولبويى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىغا تەقسىم قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇش گەرچە بۇ ئائىلىگە ئۈمىد شولىسىنى غىل - پال سېپىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ تىلىكىنى قاندۇرالمىدى. گۈلشەن

www.uyghurkitap.com

سەككىز سائەتلىك خىزمەت تۈزۈمى بويىچە پونكىتقا سەھەر كېلىپ، كەچ قايتتى. لېكىن كۈن بويى بىكار ئولتۇرۇش گۈلشەنگە ئېغىر كەلدى. پونكىت مەسئۇللىرىغا بۇ بىر تەڭقىسلىق ئىش بولۇپ قالدى. چۈنكى پونكىتنىڭ خادىملارغا دۆلەتتىن بېرىدىغان مائاشىدىن بۆلەك ھېچقانداق خىراجىتى يوق. مۇنداق ئەھۋالدا گۈلشەنگە ئوخشاش يەنە ئۈچ ئادەم تۇرسا، ئۇلارغا بىرەر ۋەزىپە بېرىپ ئىشلەتسە ئىش ھەققىنى نەدىن بېرىدۇ؟ ئىشلەتمىسە تازا كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ تۆت ياشنىڭ ۋاقتى، كەسپىي ئىقتىدارى زايا بولۇپ كېتىۋاتقان؛ يېزا پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇشۇنداق ياشلارغا موھتاج. ناھىيە ئامال قىلالمىغان يەردە پونكىت قانداقمۇ ئامال قىلالىسۇن. گۈلشەننىڭ بۇ ئىشقا تازا ئىچى پۇشتى. ئاتا - ئانىسى تاپقان - تەرگىنىنى يېمەي - ئىچمەي شۇنچە جاپا تارتىپ ئوقۇتۇپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە تۇشلۇق ھىممەت كۆرسىتەي دەپ تۇرغاندا يەنە ئاتا - ئانىسىغا يۈك بولۇپ قالدى. تېخى توي قىلمىسا بولامدۇ؟ توي قىلاي دېسە خىزمەت ئىشى ھەل بولماي تۇرۇپ توي ئىشىغا نىمە كەپتۇ. ساقلاي دېسە ياش چوڭىيىپ كېتىۋاتقان. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن مۇتەئەسسىپ كونا قاراشلارنىڭ تۇمانلىرى سۈزۈلۈپ كەتكىنى يوق. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيلا «قېرى قىز» دەپ مازاقلاۋاتقان. ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن گۈلشەنگە ئازابلىق تۇيۇلماقتا ئىدى. كىم بىلسۇن، «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك شۇ كۈنلەردە گۈلشەننىڭ ئاتىسى كۆز تومۇرى قۇرۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاتقان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئاتا يىقىلدى دېگەن گەپ، تاغ يىقىلدى دېگەن گەپ. ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئاتا ئەمدى ھېچنېمىنى كۆرمەس بولۇپ بىر بۇلۇڭدا ياتسا، 11 جان ئادەم نېمە يەپ، نېمە كىيىدۇ؟ 12 مو يەردىن تۈزۈك بىرنېمە چىقمىسا، بىچارە ئانا پايپاسلاپ ئېتىز ئىشىدىن تارتىپ ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، بار جاپانى بىر ئۆزى تارتىۋاتىدۇ. قىزىنىڭ خىزمەت ئىشىنى دەپ ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئەخمەت رازاقنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىم باردى. ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ دېدى. ئەخمەت ھاكىم خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا دەپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پۇلى بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئەمما قىزىنىڭ خىزمەت مەسىلىسىدە «ناھىيىنىڭ قىيىنچىلىقى بار، گۈلشەننىڭكىنى ھەل قىلىش توغرا كەلسە، مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسىنىڭكىنى ھەل قىلىش كېرەك»، ئانىنىڭ شۇنچە قاتراپ ئېرىشكەن جاۋابى ئەنە شۇ.

## ۋالىي مۇخبىرلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كونكرېت ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى

شۇ كۈنلەردە پۈتۈن بىر ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۈمىدىنى گۈلشەننىڭ خىزمەت مەسىلىسىگىلا باغلاپ قويغانىدى. چۈنكى بۇ ئائىلە ئەزەلدىنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، گۈلشەندەك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بۇ ئائىلىدىن چىقىشى ھەقىقەتەن بىر چوڭ ئىش ئىدى. گۈلشەن ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ شۇنداق. «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەندەك ئۇنىڭ ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ھوقۇق، مەنپەئەتتىن بەھرىلىنىمەن دېگەن ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئەقىدىلىرى سۇغا چېلىشىپ، قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى. شۇنداق، ھازىر بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىشتىن مەقسىتى، پەقەت جەمئىيەت مەنپەئەتىدىن ئىبارەت بىرلا مەزمۇندىن ئىبارەت بولماستىن، ئۇ يەنە شەخسىي ئېھتىياجىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. نۆۋەتتە ھەل قىلىش قىيىن بولغان، پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم

مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ بىرقانچە يىللارغىچە خىزمەتكە ئېرىشەلمەيۋاتقان ياشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان گۈلشەننىڭ دەرد - پىغانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خېتى ھەم بۇ خەتنىڭ ۋالىي مۇھەممەت رەجەپنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتىپ يازغان تەستىقىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى پۈتۈن ۋىلايەتتە زىلزىلە پەيدا قىلدى. گۈلشەننىڭ خېتى ۋە ۋالىي مۇھەممەت رەجەپنىڭ تەستىقى ئىدارە ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغىچە ئەڭ قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. خەۋەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتقا بولغان باھامۇ خىلمۇخىل ئىدى.

- ۋالىي بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ياخشى قىپتۇ، چۈنكى بۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە.

- ۋالىي يارايدۇ، مۇشۇ تەستىق بىلەن خىزمەت كۈتۈپ ياتقان ياشلاردىن بىر قىسمىنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولۇپ كەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

- ۋالىي ئۆزىگە ئىش تېپىۋاپتۇ، بۇنى ھەل قىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ ئىشنىڭ باشقا چىقمىغى تەس جۇمۇ!

- دېمىسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەتتىمۇ نېمە ئامال بار، ئۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى نەگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟ مالىيە قىيىنچىلىقى يىلدىن يىلغا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتسا.

- ھەي! گۈلشەن مۇشۇ ئىشنى توغرا قىلماپتۇ. بۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنى يۇقىرىغا چاققانلىق بولمامدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت مەسىلىسى تېخىمۇ...

ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ئەندىشە بىلەن خۇشاللىق روھىي ھالەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل پاراڭلار ھەقىقەتەن جەمئىيەتنى بىر ئالغانىدى. ھەتتا «تۇرپان گېزىتى» دىكى تەھرىر، مۇخبىرلارمۇ بۇ ھەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

«تۇرپان گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى مۆمىن ئابدۇرېھىم ئادىتى بويىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئەتىگەنلىك تازىلىققا ئەمدىلا تۇتۇش قىلىشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى.

- ۋەي! كىمنى ئىزدەيسىز؟

- مۆمىنجانمۇ؟

- ھە!

- مەن مۇھەممەت رەجەپ، گۈلشەننىڭ خېتى گېزىتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئىنكاسى كۈچلۈك بولدى، نۆۋەتتە كىشىلەر مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلمەكتە. شۇڭا سىلەر مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، بۇ ھەقتە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭلار. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت كۈتۈپ ياتقان ياشلارنىڭ خىزمىتى ھەل بولماسلىق مەسىلىسى توخسۇن ناھىيىسىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمىڭلار توخسۇن ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار ئورۇن ۋە مەسئۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ باقسۇن.

نۆۋەتتە، قىسمەن رەھبىرىي كادىرلاردىكى شەكىلۋازلىق قىلىش، ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەرگە سەل قاراش ياكى باش ئاغرىقىدىن قېچىشتەك ناتوغرا ئىستىلنىڭ ئەكسىچە مۇھەممەت رەجەپ ۋالىينىڭ بۇ ئىشقا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈشى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. مۆمىن ئابدۇرېھىم ۋالىينىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلاپ بولۇپ دەرھال مۇخبىر، تەھرىرلەرنى يىغىپ، ۋالىينىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى ۋە مەزكۇر ئەسەرنىڭ قەلەم تەۋرەتكۈچىسى بولغان ئىككىمىزنى توخسۇن ناھىيىسىگە مەخسۇس ئەھۋال ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. بىز تەييارلىقىمىزنى جىددىي

www.uyghurkitap.com



ئىشلەپ، چۈشتىن كېيىن توخسۇنغا يول ئالدۇق. ئەتىياز شامىلى تەبىئەتكە بىر خىل ئىللىقلىق ئاتا قىلغانىدى. بىز ئولتۇرغان مىنىبۇس تۇرپان شەھىرىنىڭ يار، ئايدىڭكۆل يېزىلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بوران يۇرتىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شۇ تاپتا بىزنىڭ كاللىمىزغىمۇ نۇرغۇنلىغان سوئاللار تىزىلىپ كەتتى. گۈلشەن قانداق قىزدۇ؟ گېزىتتىكى ئۆز خېتى ۋە ۋالىينىڭ تەستىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانمىدۇ؟ توخسۇن ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رەھبەرلەر بۇ مەسىلىگە قانداق پوزىتسىيىدە بولار؟ بۇ مەسىلىگە جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى قانداقراقتۇر؟ گۈلشەننىڭ خىزمىتى مۇشۇنىڭ بىلەن ھەل بولۇپ كېتەرمۇ؟ . . . بىز ئەنە شۇ خىياللار بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ توخسۇنغا ناھايىتى تېزلا يېتىپ باردۇق. مىنىبۇستىن چۈشۈشىمىزگە يېنىك بوران بىزنى ئۆز قوينىغا ئالدى. بىز كېلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە قونالغۇغا يۈرۈپ كەتتۇق.

2 - مارت، ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا دەل كەلتۈرۈپ، مۇخبىرلىقىمىزنىڭ تۇنجى نۇقتىسى بولغان غولبۇيى يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. يېزا ئورگىنى ئالدىدا 5 ـ 6 دېھقان نېمىلەرنىدۇر پاراڭلىشىپ تۇراتتى. بىز دەرۋازىدىن ئەمدىلا كىرىشىمىزگە تەلەپپۇزىدىنلا خۇيزۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغان بىرىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە قىلغان سۆزى دىققىتىمىزنى تارتتى.

- «تۇرپان گېزىتى»گە قالتىس بىر خەۋەر بېسىپتۇ، يېزىمىزدىكى بىر قىز ۋالىيغا خەت يېزىپتۇ.

- خەتتە نېمە دەپتۇ؟

- ئوقۇساڭ بىلىسەن؟

ئەسلىدە ئۇ يېزىلىق پوچتىخانىنىڭ كادىرى ئىكەن. بىز ئورگانغا كىردۇق. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يېزىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ باشلىقى خېلىۋۇللانى تاپتۇق، ئۇ مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئالدى بىلەن سىلەرنى گۈلشەن بىلەن ئۇچراشتۇراي، ئاندىن كېيىن ئەھۋاللىشايلى» دېدى - دە، بىزنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىغا باشلاپ ماڭدى. بىز خېلىۋۇللانىڭ ئىشخانىسىدا گۈلشەن بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇ بىزگە قورۇنۇش ئىچىدە سالام قىلدى.

- گۈلشەن مۇشۇ قىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋالىيغا يازغان خېتىدىكى ئەھۋاللار پۈتۈنلەي راست.

- بۇ ئىشقا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. خېتىمنىڭ بۇنچىلىك داغدۇغا قوزغىۋېتىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلماپتىمەن. ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقىم ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ھەققىدىكى چاقىرىقنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىم ئىدى. ئەڭ زور قايغۇ - ھەسرىتىم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىلى ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، تېخىچە خىزمەت مەسىلەمنىڭ تولۇق ھەل بولمىغانلىقى بولۇۋاتىدۇ. يازغان خېتىمنىڭ ۋالىينىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىغا خۇشال بولدۇم ھەم گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ سەل قورقتۇم. سىلەرگە ئېيتسام، مەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا قالدىم. ئائىلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئاتا - ئانامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس، يەنە كېلىپ ياشىنىپ قالدى. شۇڭا ھال - كۈنىمىز بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئاران 12 مو تېرىلغۇ يېرىمىز بار. مەندىن كىچىك يەتتە ئۇكام مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. مەن خىزمەت مەسىلەم تېزرەك ھەل بولسا، ئائىلەمنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىپ بەرسەم دېگەننى ئارزۇ قىلىمەن، - گۈلشەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا يۈزى سەل قىزاردى ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ ئېغىر تىنغىنىچە ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

- گۈلشەننىڭ ئېيتقانلىرى ئوبيېكتىپ

ئەھۋال. گۈلشەن پونكىتىمىزغا تەقسىم قىلىنغىلى ئىككى يىل بولدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش پونكىتىمىزغا تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، بىكارغا ئىشلەۋاتقان ياشلاردىن يەنە ئۈچى بار: شۇلارنى قوشقاندا پونكىتىمىزدا توققۇز ئادەم بولىدۇ. لېكىن ئادەم يەنىلا يېتىشمەيدۇ. پونكىتىمىزغا بەش شتات بېرىلگەن. شۇڭا يۇقىرىدىن بەش كىشلىكلا كەسپىي خىراجەت بېرىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يولداشلارنىڭ مائاشىنى بېرەلىگۈدەك باشقا كىرىمىمىز يوق. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، ھېيت - بايراملاردا ئۇلارغا ئازراق پاراۋانلىق بېرىۋاتىمىز. باھار بايرىمىدا گۈلشەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن 200 يۈەن پۇل بىلەن ھال سورىدۇق. بىز بۇ تۆت يولداشقا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدا يۇقىرىغىمۇ كۆپ قېتىم دوكلات سۇندۇق، ئەمما سادا بولمايۋاتىدۇ، - دېدى خېلىۋۇللا.

بىز گۈلشەن بىلەن خېلى ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ يېزا ئورگىنىغا ماڭدۇق. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى لى جى، يېزا باشلىقى سەيپىدىن بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. لى جى ۋالىينىڭ تەستىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

- گۈلشەننىڭ خېتى ۋە مۇھەممەت ۋالىينىڭ تەستىقىنى «تۇرپان گېزىتى» دىن كۆردۇق. بىزدە گۈلشەنگە ئوخشاش يېزىمىزغا تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، تېخىچە شتاتى ھەل بولماي ھەقسىز ئىشلەۋاتقان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن يولداشلاردىن 17 سى بار. لېكىن پەقەت ئامال بولمىدى. يېزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بەك ئېغىر، بىرقانچە يىلدىن بۇيان كەلكۈن، بوران، ھاشارات ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئىقتىسادىي بېسىمىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئەسلىدە 17 يولداشقا خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغدىن مائاش تارقاتساق بولاتتى. لېكىن ئامال بولمايۋاتىدۇ، - دېدى راۋان ئۇيغۇر تىلىدا.

- بىر دەرىجىلىك يېزا ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ تۇرۇقلۇق مۇشۇ 17 يولداشنىڭ مائاش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلالمىغانلىقىمىزدىن بىزمۇ ناھايىتى خىجىل. يەنە كېلىپ ھەقسىز ئىشلەش «ئەمگەك قانۇنى» غىمۇ خىلاپ. بۇ ئىش بىزنىمۇ قاتتىق ئويلاندۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ئىش ئورنىدىن قالغان يولداشلارغىمۇ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىلىۋاتىدىغۇ؟ بۇ يولداشلارنىڭ ئىش ئورنى يوقمىكىن دېسە بار، خىزمەت قىلمايۋاتامدىكىن دېسە، خىزمەت قىلىۋاتقان. بىراق ئىش ھەققى بېرىلمەيۋاتقان. مېنىڭچە، بۇ يولداشلارنىڭ شتات، مائاش رەسمىيىتىنى ناھىيە ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ بەرسە بولاتتى، - دېدى يېزا باشلىقى سەيپىدىن.

شۇنداق، بۇ يېزا ھەقىقەتەن نامرات. ناھىيىدىكى 12 بوران ئېغىزىنىڭ سەككىزى مۇشۇ يېزىغا جايلاشقان. ئەتىياز كىرىدىمۇ بولدى، كۆھىقاپنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتسە، گۈلدۈرلەپ توختىماي بوران چىقىدۇ. بىچارە دېھقانلار ئېتىز بېشىدا تىنىمسىز ئىشلەپ، ھەر بىر مايسىغا ئاغزى بىلەن سۇ توشۇغۇدەك، ئىسسىق قوينىغا ئېلىپ ئۆستۈرگۈدەك بولۇپ، مىڭبىر جاپادا يىلنى يىلغا ئۇلاپ ماڭىدۇ. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشمىغان يەردە، يېزىنىڭ قانچىلىك مەبلىغى بولسۇن دەيسىز؟ بىز يېزا ئورگىنىدىكى بىرقانچە يولداش بىلەن بۇ ھەقتە ئەھۋاللاشتۇق. ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ۋە يېزا باشلىقىنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ 2 - مارتتىكى مۇخبىرلىقىمىز ئاخىرلاشتى.

3 - مارت، چۈشتىن بۇرۇن ناھىيىلىك پارتكومغا كىردۇق. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سەمەت ئەيسا بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ مۇنداق دېدى:

- ۋالىي مۇھەممەت رەجەپنىڭ تەستىقى ۋە يولداش گۈلشەننىڭ «خېتى» نى گېزىتتىن

كۆردۇم. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان، تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ ئىش ھەققى بېرىلمەيۋاتقانلىق مەسىلىسى ناھىيىمىزدە مەۋجۇت، ھەل قىلىش ھەقىقەتەن تەس بولۇۋاتقان ئوبيېكتىپ مەسىلە. ھەتتا گۈلشەننىڭ قىيىنچىلىقىدىنمۇ ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان يولداشلار بار. ھازىرغا قەدەر كادىرلار ئىدارىسىدىكى رەسمىيىتى بېجىرىلىپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، ئەمما شتات ۋە مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن شتات كومىتېتى بىلەن مالىيە ئىدارىسىدىكى رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن يولداشلاردىن 800 نەپەردىن كۆپرەكى بار. بۇ ئەھۋاللاردىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرى بار. ئەسلىدىكى پىلاندا بۇ يولداشلارنىڭ شتاتى قاچان تەستىقلىنىپ بولغۇچە كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇش، خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغ قاتارلىق تەرەپلەردىن مالىيە جۇغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى مەلۇم مىقداردا يەڭگىللىتىشنى ئويلىغانىدۇق. ئەمما ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىمىز يىلدىن يىلغا يامانلاشتى. 1996 - يىلى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئىقتىسادىي كۈچى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ناھىيىمىزنى بىراقلا دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيىلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇندىن بۇيان خىلمۇخىل ئاپەتلەر كېلىۋەردى. ئۆتكەن يىلى ئاز كۆرۈلىدىغان بوران ئاپىتى يۈز بەردى. غوزا قۇرتى ئاپىتىمۇ يىلدىن يىلغا ئېغىرلاشتى. پاختا ناھىيىمىزنىڭ تۈۋرۈك كەسپى ئىدى. لېكىن ئۆتكەن يىلى بازارلاردىكى پاختىغا بولغان تويۇنۇش سەۋەبىدىن كىرىم تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بىرنەچچە كارخانىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇميۈزلۈك چېكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ناھىيىدىكى بارلىق يولداشلار زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەۋاتىمىز. ئۆتكەن يىلى ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 23 مىليونغا يېقىنلاشتى. ئەمما بۇ پۇل پۈتۈن ناھىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق مائاشىغا ئاران يېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز 800 گە يېقىن يولداشقا قەيەردىكى پۇلىمىزنى مائاش قىلىپ بېرىمىز؟ ھېسابلاپ كۆرۈڭ، ئوتتۇرىچە مائاش 400 يۈەن دېسەك، 800 نەپەر يولداشقا بىر يىلدا 4 مىليونغا يېقىن ئىقتىساد كېتىدۇ. 4 مىليون يۈەن دېگىنىمىز ناھىيىمىزنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 1/5 قىسمى دېگەن گەپ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بىز ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن يولداشلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىش مەسىلىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردۇق. كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەر يىلى چەكلىك مىقداردا تەقسىم قىلدۇق. قىيىنچىلىقنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاقتىدا جەۋەر قىلىپ تۇردۇق. ھەتتا ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرى ئۆزۈم بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا بۇ مەسىلىنى ئىنكاس قىلدىم. بىز ھېلىھەم بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز.

ناھىيىمىزگە 1994 - يىلدىن ئۆتكەن يىلغا قەدەر جەمئىي 1324 نەپەر ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەقسىم قىلىندى. 1994 - يىلى 232 نەپەر ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۆتكەن يىلى 330 نەپەرگە يەتتى. 1994 - يىلى خىزمەتكە رەسمىي ئورۇنلاشقان ئوقۇغۇچى 167 نەپەر بولغان بولسا، ئۆتكەن يىلى ئاران ئالتە نەپەر بولدى. دېمەك، ناھىيىمىزگە تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى يىلمۇ يىل ئاشقان بولسىمۇ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش نىسبىتى كېمىيىپ باردى. بۇ بەش يىلدا جەمئىي 497 ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغان 827 نەپەر ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ مائاش، شتات

مەسىلىسى ھەل بولمىدى ياكى ئۆيىدە ئىش كۈتۈپ تۇرماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ناھىيىمىزنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىغا يېتەرلىك. ھەتتا ئارتۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن. گۇلشەن تەقسىم قىلىنغان غولبۇيى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىغا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بەش شتات بەلگىلىگەن. شۇڭا مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، شتات مەسىلىسىدە يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا 800 ئوقۇغۇچىنىڭ شتاتىنى ھەل قىلىش ناھىيىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بىزنىڭ بۇ يولداشلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىشىمىزدا مائاش ۋاقتىنچە ھەل بولمىسىمۇ، ستاژىنى ھېساب قىلىش، بىكار يۈرگەندىن ئاز - تولا ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ ھەم ئائىلىسىنىڭ ئىدىيىۋى يۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىش كۆزدە تۇتۇلغان.

بىز ھۆكۈمەت خىزمىتىنى نازارەت قىلىدىغان، تەكلىپ - تەۋسىيە بېرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارماقلارنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىتنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ناھىيىمىز مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا ناھىيىمىزدىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ئوقۇغۇچى سانى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز يۇرتىغا، ئاساسىي قاتلامغا، نامرات رايونلارغا تەقسىم قىلىش سىياسىتىنىڭ روھى بويىچە تۇركۇم - تۇركۇملەپ ناھىيىمىزگە قايتىپ كەلدى. ناھىيىمىز بولسا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان، سانائەتلىشىش قەدىمى تولىمۇ ئاستا بولغان نامرات ناھىيە بولغاچقا، يەنە كېلىپ دۆلەتنىڭ ناھىيىمىزگە بەرگەن شتاتى كەمچىل بولغاچقا ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلاندى.

بىز توخسۇن ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە مەسئۇللارنى زىيارەت قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەتتا دېھقانلارغىچە سۆھبەتلىشىپ بۇ مەسىلىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ئىگىلىدۇق. ئۇلار ئاددىي، ئەمما كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان پىكىرلەرنى قىلدى.

- توخسۇن ناھىيىسىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ مائاش ئالالمايۋاتقان، شتاتى رەسمىيلەشمىگەن يولداشلاردا «ئۈچنى كۈتۈش» بار. بۇنىڭ بىرىنچىسى، بىرىنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى كۈتۈش؛ ئىككىنچىسى، باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ كېتىشىنى كۈتۈش؛ ئۈچىنچىسى، بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت. چۈنكى مۇشۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدا شۇ يولداشنىڭ خىزمەت مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولىدۇ.

- بۇ ھەقىقەتەن سەزگۈر، مۇرەككەپ مەسىلە. بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز باشقا خىزمەتلەرنى قانچىلىك ياخشى ئىشلىمەيلى، خەلق بىزدىن رازى بولمايدۇ.

- ئەسلىدىلا ناھىيىمىز چەت، نامرات رايون بولغاچقا، مائارىپ ئاساسى ئاجىز، خەلقىنىڭ مائارىپقا بولغان تونۇشى تۆۋەن ئىدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، كەڭ دېھقانلىرىمىز-دىكى «كادىرنىڭ بالىسى كادىر بولىدۇ» دېگەن قاراش ئاز - تولا ئۆزگىرەي دېگەندى، مانا ئەمدى

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كېلىپمۇ جىنىنى باققۇدەك پۇل، كەسىپ، خىزمەت تاپالماي يۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەن خەلقىمىز قايتىدىن قوشقۇندا ئولتۇرۇشقا باشلىدى. باللىرىنى مەكتەپتىن توختىتىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى.

- شەھەرلەردە بولسا قىزلارنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتسە بولىۋېرىدىكەن، يېزىلاردا بۇنىڭغا باشقىچە قارايدۇ. مۇشۇ تاپتا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ناھىيىمىزگە قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قىزلار. ئۇلار توي قىلاي دېسە، خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولمىغان، توي قىلماي دېسە يېشى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان. بەزى يىگىتلەر بۇ قىزلارنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنىڭ ھەل بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلىق مۇھەببەت ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىۋاتقان، بۇ قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ روھىي بېسىمىنى دېمەيسىز تېخى. بېقىپ چوڭ قىلىپ ئالىي مەكتەپنى ئوقۇتۇپ قويۇپمۇ «قىز بالىنىڭ غېمى كۆپ» دېگەن ئىدىيىۋى بوپىنى يۈدۈۋالغان.

- خىزمەت كۈتۈپ ياتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي بېسىمىنى دېمەيسىلەر تېخى، ئۇلارنىڭ بىزار بولۇش، كىشىلەردىن قېچىش، يالغۇزلۇقنى خالاش، ئۆزىنى كەمسىتىش قاتارلىق نورمال بولمىغان پسىخىكا كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

## خاتىمە

ئاپتونوم رايونىمىزدا ستۇدېنتلار ئورۇنلىشىپ ئۆز زىمىنىسىگە ئالغۇدەك ئىش قالمىدىمۇ؟ نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن خېلىلا كېيىن تۇرماقتا. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەڭ ئاساسلىقى ئىختىساسلىقلارنىڭ كەملىكىدە، ئاھالىلەر ئومۇمىي ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا. 3500 دىن ئارتۇق ئارالدىن تەركىب تاپقان ياپونىيىنىڭ يەر مەيدانى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1/5 قىسمىدەك كېلىدۇ. بىراق ئاھالىسى 120 مىليوندىن كۆپ بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئاھالە زىچلىقى جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا ياپونىيىنىڭ كان بايلىقى يوق. ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەھدىتى ئېغىر. ئۇنداقتا ياپونىيە قانداق قىلىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ زامانىۋىلاشقان ئىقتىسادىي قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنالىدى؟ ياپونىيە يوقىرىقىدەك ئىنتايىن ئېغىر بولغان تەبىئىي، ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز تەمتىرەپ قالمىدى. مائارىپنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىدى. شۇڭلاشقا ياپونىيە روناق تاپتى. روناق تاپقاندىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇردى.

«ئىقتىسادشۇناسلار كۆرسەتتىكى، بىر دۆلەت ياكى بىر رايوننىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلەيدىغىنى ماددىي كاپىتال ياكى ماددىي بايلىق بولماستىن، بەلكى ئادەم كۈچى كاپىتالى ياكى ئادەم كۈچى بايلىقىدۇر ياكى ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى ۋە ساپاسىدۇر. بولۇپمۇ، ئەمگەك كۈچىنىڭ ساپاسىدۇر. بىر دۆلەت، بىر رايون ياكى بىر مىللەت شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات بولىدۇكى، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى مائارىپنىڭ كەينىدە قالغانلىقىدا» («ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالە ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئامىللار ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ماقالە. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) . تۇرپان ۋىلايىتى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈۋاتىدۇ. قوشنا ۋىلايەت، شەھەر ۋە ھەتتا باشقا ئۆلكىلەردىن ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل

قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1/100 نى تەشكىل قىلىدىغان ئىختىساسلىقلار توخسۇن ناھىيىسىدە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالىدۇ؟ ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنىلا كۆزدە تۇتۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانمىساق، توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان تۆۋەن ساپالىق كىشىلەرگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولامدۇ؟

ئەمگەك كۈچى ئوشۇقچىلىقى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئوشۇقچىلىقى ئەمەس، پىلانلىق ئىگىلىكتىن قالغان كېلەڭسىز زورايغان گەۋدە ئېچىدە بازارغا يۈزلىنىش ئۆزىمىزدىكى نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ئوشۇقچىلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلىدى. كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى، كەسىپكە مۇۋاپىقلاشمىغان كىشىلەرنىڭ ئورۇن ئىگىلىشى بىلەن ئىختىساسلىق كارغا يارايدىغانلارنىڭ كەم بولۇشى چىگىش مەسىلىگە ئايلاندى. ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىختىساسلىقلارنى تېخىمۇ قەدىرلەش تەخىرسىز زۆرۈرىيەت، ئۇلار يۇرتىمىزغا ھەقىقىي مۇھەببەت قويۇپ ئۇنى گۈللەندۈرگۈچى. دېمەك، ئەگەر بىز ئۇلارغا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بەرسەك ئۇلار نۇرغۇن تۆھپە يارىتالايدۇ. ئۆزىمىزدىن چىققان ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىش ھادىسىسى توخسۇن ناھىيىسىدىكىلا ئەھۋال بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەھۋال. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ بۇ يىل 15 - ئاپرېل سانىنىڭ 1 - بېتىدىكى «41 مىڭ ئوقۇغۇچى ‹تاۋاق› تالاشماقتا» دېگەن خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچى سانى 41 مىڭ 303 نەپەر بولسىمۇ، ئادەم ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق ئورۇنلار تىزىملاتقان تىزىملىك 600 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدىكەن.

ئۇندىن باشقا رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئېڭىدا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى دەۋرىدىكى ئىختىساسلىقلارنى دۆلەت ئىشلىتىش، دۆلەت خىزمەتكە تەقسىم قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بۇ خىل قاراشنىڭ تەدرىجىي شاللىنىدىغانلىقى، ئىختىساسلىقلارنىڭ دۆلەتنىڭ ياردىمىدە ئەمەس، بەلكى بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت شىددەتلىك دولقۇنغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىسە غەرق بولۇشتەك رېئاللىقنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەسلىك، چۈشەنسىمۇ دەماللىققا ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەسلىك خاھىشلىرىمۇ ساقلانماقتا. بۇ خىل خاھىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي بېسىم پەيدا قىلىپ نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى، ئىختىساسلىقلارنى دېلىغۇل قىلماقتا. شۇڭلاشقا بەزى ئىختىساسلىقلار كۆمۈلۈپ قالماقتا. ھەتتا خىزمەتمۇ تاپالماي يۈرمەكتە.

قىسقىسى، كۆمۈلۈپ قالغان ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى نۆۋەتتە رايونىمىزدا ساقلىنىۋاتقان دەرھال ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە. دېمەك، بۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەن، بۇنى ھەل قىلىشتا بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ھەرىكەتكە كېلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىدە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە دۆلەت تەرىپىدىن بىرتۇتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ بەلگىلىمە خادىم قوبۇل قىلغۇچى ھەرقايسى ئورۇنلارغا قارىتا مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. توخسۇن ناھىيىسىدە بەش يىلدا

www.uyghurkitap.com



بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، شتات كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن مىڭغا يېقىن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي نۇرغۇن ئىجتىمائىي بېسىم پەيدا قىلغان. دېمەك، دۆلەتنىڭ كادىر تەقسىمات سىياسىتى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىغا قىسمەن ماس كەلمىگەن. شۇنداق ئىكەن، مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى چېكى بولمىغان كۈتۈشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ گۈلشەن ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى مۇھەممەت ۋالىيغا خەت يېزىپتۇ. بىزنىڭ مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا ئىگىلىشىمىزگە قارىغاندا گۈلشەنگە ئوخشاش قىيىنچىلىقتا يۈرگەن، ھەتتا گۈلشەندىن قىيىنچىلىقى ئېغىر يولداشلار بار ئىكەن. شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بىر ياش كورجەي بازىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭمۇ شتاتى، مائاشى ئەمەلىيلەشمەپتۇ. ھازىرغا قەدەر شۇ يەردە ياتاقتا يېتىپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئائىلىسىگە ھەر ھەپتىدە بىر كېلىدىكەن. مۇشۇ 80 كىلومېتىرلىق يولنىڭ كىرا ھەققى، تاماق ھەققى قاتارلىقلارنى ئۆزى چىقىرىدىكەن. مۇشۇنداق ئىشلىگىلى ئىككى يىل بوپتۇ. ئۇ كورجەي بازىرىغا بارماي دېسە، كېيىن رەسمىيلەشتۈرۈش توغرا كەلسە تەقسىم قىلغان جايدا ئىشلەپ تۇرمىدىڭ، دەپ ئىشتىن يەل چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەيدىكەن. داۋاملىق ئىشلەۋېرەي دېسە بىر بېجىرىم ئادەم تۇرۇپ، ئائىلىسىگە يۈك بولۇپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ خىجىل بولىدىكەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش بۇرۇن ئىنتايىن ئابرويلۇق ئىش سانىلاتتى، شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشىمۇ ئاسان ئىدى، ھازىر تۈركۈملەپ پۈتتۈرۈۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا يەنە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ دىپلوم ئېلىۋاتقانلار قوشۇنى قوشۇلدى، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شتاتنىڭ بۇيۇك نوپۇزىغا دەز كەتتى، يەنى كەسپىي ئورۇنلار، كارخانىلار، يېزىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار شتات سىرتىدا ئادەم قوبۇل قىلىپ ھەتتا شتاتلىقلار بىلەن شتات سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ پەرقى ئەمگەك كۈچىنى تەڭشەش، ئىشتىن قالدۇرۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا جىق پەرقىنى ساقلاپ قالالماسلىققا يۈزلەندى. لېكىن توخسۇن ناھىيىسىگە ئوخشاش ئاپەتكە ئۇچرىغان ياكى يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ئۆزى ھەل قىلىدىغان ئەمگەك كۈچى ھەققىنى ھەل قىلىشتا قىينالدى.

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرۈپ بېسىشقا، تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەشكە ياكى ناخشا لىرىكىلىرى قىلىپ ئىشلەشكە بولمايدۇ. ئەگەر ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەر خەنزۇچە ياكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنسا، ئەسەر ئاخىرىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ نامىمۇ بېرىلىشى كېرەك. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

# تەقسىماتتىن قورقمايدىغان ۋە يول تاپقان ستۇدېنتلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئۈيۈشتۈرغۇچى: پولات ھېۋزۇللا

پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ئىمىر ھەسەن

## ستۇدېنتلار يېڭى تاللاشقا دۇچ كەلدى، چىقىش يولى نەدە؟

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى نۇرغۇن ستۇدېنتلارنى مۇرەككەپ ھېسسىياتلار چىرمىۋالىدىغان بولۇپ قالدى: خىزمەت مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىمەن؟ قانداق ئورۇندا ئىشلەيمەن؟ قانچىلىك مائاش ئالىمەن؟

90 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمى جۇڭگودا ئىسلاھات ئەڭ كەسكىنلەشكەن دەۋر بولدى. شتات قىسقارتىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش دولقۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە يامرىدى. ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئۆزلۈكسىز ئاشكارىلاپ خەلقنىڭ ئىلگىرىدىكى قىممەت قاراشلىرىنى يېڭىلىدى. ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ كۆپ قىممەت يارىتىش، يوشۇرۇن كۈچنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش جەمئىيەتنىڭ سەرخىللارغا قويغان تەلىپى بولدى. 80 - يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەن تۇيغۇ بولمىغان بولسا، 90 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خىزمەتنىڭ بىر ئادەمگە باقىۋەندە ئەمەسلىكى ئاشكارىلاندى. 80 - يىللاردا ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىشنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك تۆمۈر تاۋاققا ئېرىشىۋېلىش بولغان بولسا، 90 - يىللاردا تۆمۈر تاۋاق چېقىپ تاشلاندى. خىزمەت تاپالماي لەيلەپ يۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەيدا بولدى. مەكتەپتە تۇرۇپ شىركەت قۇرغان، ئۆز چىقىمىنى ئۆزى قامداپ ئوقۇيدىغان «باي» ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ پەيدا بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر گاڭگىراپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر خۇشال بولدى. ئەجەبا. . . ؟ !

گەرچە ستۇدېنتلارنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئالتۇن تاۋاق يوق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن، شتات، ئەمگەك كۈچى ئارتۇقلۇقى سەۋەبىدىن خىرىس ھېجىيىپ تۇرغىنى بىلەن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھېچقاچان ستۇدېنتلار بۈگۈنكىدەك تەلەيلىك بولۇپ باقمىغان. چۈنكى بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانىيەت تارىخىدا نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە بىر قېتىم كېلىدىغان ھەممە نەرسىدە سەكرەش خاراكتېرلىك يېڭىلىققا تولغان زامان، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورى، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى، سۈنئىي جانلىق، ئالەم

بۇشلۇقى. . . بۇ مۆجىزىلەر بۇ ئەسىردە سان جەھەتتىن ھېچقايسى ئەسىردە بولۇپ باقمىغان كۆپ مۆجىزىلەرنى ياراتتى، بولۇپمۇ كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى ھەممە ساھەلەردە بىلىمنىڭ تېز يېڭىلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئۇچۇرلارنىڭ جۇغلانمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇم جەھەتتىكى پارتلىما رولى رىقابەتنى دۇنياۋىلاشتۇرۇپ ئىنسانىيەت ئەقلىي بايلىقىنىڭ ئورتاقلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيانى ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىكىگە سۆرەپ ئەكىردى. زامان بەخش ئەتكەن پۇرسەتلەر ستۇدېنتلارغا يېقىن تۇردى، بىلىمنىڭ كۆنىرى يېڭىلىنىشى، كەسىپلەرنىڭ نازۇكلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا شاللانغان ۋاقتى ئۆتكەن بىلىملەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ۋە ئارتۇقچە بەدەللەردىن خالى ھالدا بىۋاسىتە ئۇنۇملەشكەن يېڭى بىلىملەرگە، يېڭى ئۇچۇرلارغا، يېڭى قاراشلارغا، يېڭى زامان، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا پەقەت ستۇدېنتلارلا ئىگە بولالايدۇ.

بۇرۇن كىشىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق جايلىرىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى كەمدىن - كەم ئۇچرىتاتتى، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى، ئۇلارنى خۇددى ئادەملەر ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەن ئەۋلىيالاردەك ئەتىۋارلايتتى. ئەمدى نەگىلا قارىسىڭىز، ستۇدېنت. ھازىر گويا ئۇلارنىڭ بازىرى كاساتلاشقان، ئۇلار بىلىمى بىلەن پەخىرلىنىپ گىدىيىپ يۈرۈشسىمۇ، باققال ياكى ئادەتتىكى بىر كاۋاپچىمۇ ئۇلارنى كۆزگە ئىلىپ قويۇشمايدۇ، قىزلار مەيدە يانچۇقىغا گاڭبى قىستۇرۇۋالغان بۇنداق يىگىتلەرنى كۆرسە دەررۇ يىراق قاچىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلاردا بىلىم بار، پۇل يوق. پۇلى بار كىشىلەردە ئەكسىچە بىلىم يوق. ھالبۇكى، بۇنداق ھالەت ئۇزاققا بارمايدۇ، ئەمدى بايلارنىڭ دەۋرى بىلىملىكلەرنىڭ، بىلىمگە تايىنىپ بېيىغۇچىلارنىڭ، بىلىمگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ دەۋرى بولىدۇ.

بىز چىڭخۇا داشۆ، بېيجىڭ داشۆ، خەلق داشۆسىدىكى ستۇدېنتلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، بازار رىقابىتىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى نى - نى بايلارنىمۇ تاڭ قالدۇرۇپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش، ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىنىڭ مۇنۇ خىتابنامىسىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىشالالايمىز:

بىز ئىگىلىك ياراتقۇچى، ئىگىلىك تىكلىگۈچى، بىز كارخانىچى. بىز كونا بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى پاچاقلاپ تاشلايمىز، بىز پارلاق شەخسىي دۇنيايىمىزنى قۇرۇپ چىقىمىز، بىزنىڭ قەلبىمىز يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقى ۋە غەلىبە قازىنىش ئارزۇسىغا تولغان. . . بىز كىم؟ بىز جۇڭگونىڭ «بىلىملىك يېڭى بىر ئەۋلادلىرى»، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىرادىسىگە تايىنىپ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىمىز، يېپيېڭى بىر دۇنيا بەرپا قىلىمىز. بىز دەۋرنىڭ غالىبىيەتچىلىرى، بىز دەۋرنىڭ سەبىي بالىسى. . . بىز نە نوپۇس، نە يۇقىرى ئىش ھەققى، نە مۇقىم كىرىم بىلەن پەرۋايىمىز پەلەك. بىز بارلىق بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىكلەرنى، جىمى بويۇنتۇرۇقلارنى چۆرۈپ تاشلايمىز، بىز پەقەت شۇنداق تۇۋلايمىز - بىز خوجايىن بولىمىز. بىز بۇ ئارزۇيىمىزنى رويابقا چىقارماقتىمىز. . . سىز نېمە ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىڭىزنىڭ خوجايىنى بولالمايسىز؟ . . . بىزنىڭ سېپىمىزگە قېتىلىڭ، بىز جۇڭگو ستۇدېنتلىرى ئارىسىدىكى ئىگىلىك تىكلەش، ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىمىز. . . ئەگەر سىلەردە گۈزەل ئارزۇ بار بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ!»

شۇنداق، ستۇدېنتلىرىمىز ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلار پىلانلىق،



www.uyghurkitap.com

بىر تۇتاش تەقسىماتقا قاراپ تەييارغا ھەييار بولۇپ ئولتۇرۇشنى، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرمىسىمۇ بىمالال ئىشلەپ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئىدارە، جەمئىيەتلەرگە كىرىپ ئىشلەشنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۈيغۇسىنى دەپلا ئاتالمىش مەڭگۈ چىقىلماس تۆمۈر تاۋاققا ئىگە بولۇشنى خالاپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇلار مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ھېچكىمگە تايانماي ئۆز يولىنى ئۆزى ئېچىپ مېڭىشنى، ھەممىنى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈشنى، ھاياتنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ ياشلىق ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان ۋۇجۇدى غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن تولغان، ئۇلار زامانىمىزدىكى ھەقىقىي قەھرىمانلار، ئۇلار نۆۋەتتىكى يېڭى تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى. ئۇلار دەۋرىمىزدىكى گىگانت ئادەملەر.

قاراڭ، بۇ ستۇدېنتلارغا، ئايرىلىش، ئىللىق ئانا مەكتەپ قوينىدىن ئايرىلىش، مېھرىبان ئۇستازلىرىدىن ئايرىلىش، سۆيۈملۈك دوست - بۇرادەرلىرى ۋە بەش يىللىق ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىش تەقدىرى ئۇلارغا شەپقەتسىزلەرچە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمدى شوخلۇقىدىن، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى غەمسىزلىكىدىن ئەسەر قالمىغان. ئۇلار بۇ گۈزەل ماكاندىن مەڭگۈلۈك خوشلاشماقچى، دوستلىرى، ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلماقچى. . . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەمتىرەيتتى، تىت - تىت بولاتتى، تەرەپ - تەرەپلەرگە چاپاتتى. ئاتا - ئانىسى بىلەن پات - پاتلا تېلېفون، خەت ئارقىلىق كۆرۈشەتتى. ئۆز كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى. چۈنكى ئۇلار دۇنيا، ھايات، تەقدىرنىڭ ئىككىنچى تاللىشى ـ تەقسىمات ئالدىدا تۇراتتى. . .

تەقسىمات، ياخشى يەرگە ئورۇنلىشىش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىنمۇ نەچچە ھەسسىلەپ تەسكە توختايتتى. ئەكسىچە، ساددا ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ پۈتكۈل بەختىنى ئالىي مەكتەپكە باغلىغانىدى. ئۇلارچە بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈۋالسىلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەل بولغان ھېسابلىناتتى. مۇۋاپىق خىزمەت تېپىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەمەلىيەتتە ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئىمتىھانىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر، نەچچە ھەسسە مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. خىزمەت ئاتا - ئانا ئەمەس، بالا ئۈچۈنمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ 16 يىللىق جاپالىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مېۋىسى، كۆزلىگەن نىشانى، تالاي ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاشۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مىنۇتلىرىغا باغلانغانىدى.

جىددىي، ھالقىلىق تەقدىر مۇساپىسى بەزىلەرنىڭ خۇشاللىق، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن تاماملانسا، بەزىلەرنىڭ يىغا - زارە، غەم - قايغۇسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىرچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئېرىشىش جەڭدىن كېيىن ئېرىشكەن زېمىنغا ئوخشايدۇ.

چەت ئەللەردە بولسا ئالىي مەكتەپكە كىرىش تولىمۇ ئاسان بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قايسى كەسىپنى تاللىشىمۇ ئۆز ئەركىنلىكىدە بولىدۇ. ئەمما مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇ خىل رېئاللىق ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بۇ رېئاللىققا ماسلاشقان بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتە قۇرۇق قالپاق بىلەن كىرىلىپ يۈرۈشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتتە پۈت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولغۇچە ئۆگىنىدۇ، تىرىشىدۇ. بىزدە بولسا ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئەڭ تەس ئىشلار قاتارىدا سانىلىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق. بىر - ئىككى نومۇرنىڭ كەملەپ قېلىشى تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ئايرىلغان، ھايات، تۇرمۇش يولىدا تەمتىرەپ يۈرگەن بالىلار ئاز ئەمەس. ئويلاپ باقساق، ئۇلار بىلەن ئالىي مەكتەپكە

www.uyghurkitap.com



ئۆتكەنلەرنىڭ نومۇر پەرقى قانچىلىك؟ بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ نومۇر چېكى شۇنچىلىك ئازمۇ؟ ئەجەبا ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەك نەتىجە قازىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەسمۇ؟ ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىپلا 60 تىن يۇقىرى نومۇر بىلەنلا قانائەتلىنىپ ئوقۇۋاتقان ئاشۇ غەمسىز ستۇدېنتلار تاكى تەقسىماتقىچە بىخارامان ئۆتسە، ئىختىساسلىق خادىملارغا ئېھتىياج ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، شۇنىڭغا ماس يېتىلىنىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ئوقۇش يىللىرى ئىچىدىكى رىقابەت تاللاش، شاللاش مېخانىزمى تېخىچە يارىتىلمىسا ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىگە قانداق ماسلىشالايمىز؟

بىزنىڭ مائارىپىمىز تېخى نۇرغۇن سوئاللار، رېئال مەسىلىلەر ئالدىدا تۇرماقتا. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ناھايىتى قالاق. كۆپىنچە ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيەتكە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئوقۇتۇش ئۈچۈنلا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قانچىلىك ئەمەلىي بىلىم بەردۇق؟ ئۇلار بىزدە ئوقۇش ئارقىلىق قايسى دەرىجىدىكى ياشاش ئىقتىدارىغا ئېرىشتى؟ دېگەن سوئاللار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئالىي مەكتەپ جەمئىيەت فۇنكسىيىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ساپاسى بۇ خىل فۇنكسىيىنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن بىزدە ئالىي مەكتەپلەر بۇ خىل مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىغان. دەرسلەر ئىنتايىن قاتمال، مەزمۇنىدا رېئاللىققا بولغان مەسئۇلىيەت كەم.

بىزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش شۇنچىلىك ئاسانكى، مەكتەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى يارامسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولالايدۇ، دىپلوم ئالىدۇ. بۇ دەل مائارىپىمىزدىكى داشقازان ئەنئەنىسى.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا مۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققان. مەن بىلىدىغان بىرنەچچە «ئوتتۇرا ياخشى» ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ باھالانغان. ھەتتا بىۋاسىتە تەقسىم قىلىنغان. «ئوتتۇرا ياخشى» دېگەن نام ئۇلارغا دەرسلەردە ناھايىتى يۇقىرى نومۇر ئالغاچقا بېرىلگەن. نومۇر ئەلالىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. كېيىن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەھۋالى ناھايىتى ئاددىي. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇغان يەنە بىرنەچچە بالا بار ئىدى. ئۇلار «ئوتتۇرا ياخشى» دېگەن نامغىمۇ ئېرىشەلمىگەن. خىزمەتكىمۇ ناھايىتى تەستە ئورۇنلاشقان. ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا ئۆتۈلگەن ھەممە دەرسنى ئەمەس، جەمئىيەتتە ئېھتىياجلىق مەلۇم مۇھىم، ئەمەلىيەتچانلىقى يۇقىرى دەرسلەرنى دەرسلىك ئۆلچىمى بويىچە ئەلا ئۆگىنىشتىن سىرت يەنە دەرستىن سىرتقى ماتېرىياللار ئارقىلىق كەڭ، چوڭقۇر دائىرىدە ئۆزلۈكىدىن ئىنتايىن ياخشى ئۆگىنىپ، قالغان دەرسلەرنى ئەل قاتارى ئۆگىنىپ ماڭغان. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالى باشقىچە. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە نۇقتا قىلىپ ئۆگەنگەن دەرسلەردە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، ھەتتا كۆزگە كۆرۈنۈپ ئۆز دائىرىسىنىڭ سەرخىللىرىغا ئايلانغان. نومۇر ئىقتىدارغا باراۋەر ئەمەس. ئوتتۇرا ياخشىلىق ئىقتىدارغا باراۋەر ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئىپتىدائىي ئۆلچەم، خالاس.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بازار ئېھتىياجىدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. بىر مەھەل قاتماللىق، داشقازان ئەنئەنىسىگە كۆنۈپ كەتكەن مائارىپ، ستۇدېنت، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئەمدى

جەمئىيەت، بازار، رىقابەت ئالدىدا تەمتىرەشكە باشلىدى، مەسخىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن مەسخىرىگە ئۇچرىدى؟ نۇرغۇن ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپ ئوقۇغىنى ئۈچۈنمۇ؟ بىلىملىك بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ جەمئىيەت ئۇلارغا شۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەكمىدى؟ بۇ سوئاللار ستۇدېنتلارنى ئويغا سېلىشى كېرەك. ئۇنداقتا سەۋەب زادى نەدە؟

دەۋر ئۆزگەردى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگەردى. جەمئىيەت تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەنئەنىسىنى تاشلاپ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان رىقابەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. رىقابەت دۇنياسىدا شۇنداق بىر قانۇنىيەت بار. كۈچلۈكلەر مەڭگۈ تاللىنىدۇ، ئاجىزلار شاللىنىپ قېلىۋېرىدۇ ياكى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا ئىتتىرىپ تاشلىنىپ كۈچلۈكلەرنىڭ مەغرۇر كۈلكىسى ئاستىدا ئازابلىنىپ ئاجىزلىق ئازابىدا قىيىنىلىش كېسەللىگە گىرىپتار قىلىنىدۇ. بۈگۈن بولسا، مەملىكىتىمىز مائارىپى بازارغا، دەۋرگە يۈزلەنگەن ھالەتكە ئۆتۈش نىشانىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچقا قاراپ ماڭماقتا.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، كېلەر يىلى ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بۇ يىلدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ، خەتەرلىك بىر ۋەزىيەت پەيدا بولىدىكەن. ئۇنداقتا بۇ نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قەيەرگە ھەيدەش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ چىقىش يولى زادى قايسى؟ شىنجاڭدىلا بۇ يىل ئالىي مەكتەپ، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرىدىغانلارنىڭ سانى 40 مىڭدىن ئاشقان. ئۇنداقتا، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟

دەۋر، رېئاللىق ئۆزگەرمەكتە. بۇندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە كىرىش قانچىلىك تەس بولسا، ئەمدى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ياخشى ئورۇنغا ئېرىشىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. بۇ دەل كۆز ئالدىمىزدىكى رەھىمسىز رېئاللىق.

## ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتىن ۋاز كەچمەكتە، تاللىۋېلىشنى بازارغا تاشلىماقتا

90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىز ھاياتىدا يەنە بىر قېتىم زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇزاق يىل پىلانلىق ئىگىلىكنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي قىلغان جۇڭگو پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تۈنۈگۈن تېخى پىلان ئىگىلىكىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن جۇڭگولۇقلار يېڭى ئىگىلىك ئالدىدا تەمتىرەشكە، قىزىقىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇلار ئىدىيە، قاراش، تەپەككۇرنى يېڭىلىمىسا، يېڭى يولدا ماڭمىسا بولمايتتى.

ئەگەر، دەۋرنىڭ مۇقەررەر بىر سىنىقى ساڭا يۈزلەنگەنىكەن، بۈگۈن ياكى ئەتە بولسۇن، سەن بەربىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن.

21 - ئەسىر بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان جۇڭگو، دۇنياغا نەزەر تىككىنىدە دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى قايتىدىن كۆرگەندەك بولدى.

«ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئىنقىلابى ئاخىر جۇڭگودا پارتلىدى. بۇ ئېلىمىزدىكى بىلىم، ئىقتىدار ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى. ئىنقىلاب پۈتكۈل مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنچە يىل جۇڭگوغا ئېسىلغان غايەت زور داشقازان، ئىنقىلاب ئوتى كۈچىدە پاچاقلاپ تاشلاندى. دېمەك، ئاجىزلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئارقىدا قالغانلارنى كۈتىدىغان دەۋر ئەمدى ئۆتمۈشكە، تارىخقا ئايلاندى. دۆلەتنى يۆلەنچۈك ئەتكەن نۇرغۇن زاۋۇت، كارخانىلار ۋەيران بولدى. ئىدارە - ئورگانلاردىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ خادىملار قىسقارتىلدى. بۇنىڭ بىلەن

زور تۈركۈم شتات ئوشۇقچىلىقى بىلەن ئەمگەك كۈچلىرى ئېشىنچىلىقى بارلىققا كەلدى.

شۇنى تەن ئالماي تۇرالمايمىزكى، ئىختىساسلىقلارنىڭ تاللىنىپ، نابابلارنىڭ شاللىنىشى بىر خىل يەر شارى خاراكتېرلىك يۈزلىنىش. ئاپتوماتلىشىشنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئۈسكۈنىنىڭ ئېلىشى، بۇرۇن نەچچە مىڭ ئادەم قىلىدىغان ئىشنى ئەمدى بىر ئادەم قىلىدىغان ئاقىۋەتتىن كېلىپ چىققان ئەمگەك كۈچى ئېشىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندىمۇ ھازىرقى زاماندا ھەممە مەشغۇلاتلار كومپيۇتېر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا ئۇلار يېڭى مەشغۇلات قائىدىلىرىگە ماسلىشالمايدۇ، ئۇنداقتا ئەمگەك كۈچى بازىرىغا قېتىلىش ئالدىدىكى ستۇدېنتلىرىمىزچۇ؟

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مائارىپمۇ بىلىم ئىگىلىكى ئىنقىلابىنىڭ رەھىمسىز شاماللىرىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. 90 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىلىم ئىگىلىكى ئىنقىلابىنىڭ بىخلىرى ئاغزاكى شەكىلدە جەمئىيەتنى قاپلىدى.

ـ بۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلمايدىكەن، ئۆزى ئىش تاپىدۇ دەيدۇ، راستىمدۇ؟

ـ ئەمدى بالىلىرىمىزنى ئوقۇتقاننىڭ مەززىسى قالماپتۇ.

ـ ھۆكۈمەت ئادەمدىن زېرىكىپتۇ.

ـ ئوقۇتمىساق ئىش تېپىش تېخىمۇ قىيىنلاشامدۇ؟ ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى نېمە بولىدۇ؟! «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپتىكەن، توپ ئىچىدە ھېچكىم ئاچ قالمايدۇ، بولار بىر گەپ.

ئاتا ـ ئانىلار ۋە ستۇدېنتلار كۈتكەندەك مائارىپ يەنىلا بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش يولىدا مېڭىۋەردى (يېڭى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش ئەنئەنىسىدە كېتىۋەردى). ئەمما بۈگۈن بىزنىڭ مائارىپىمىز يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا يېڭى بىر رېئاللىق بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەتە بۇ رېئاللىق چوقۇم ئۇنىڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنىدۇ.

ھۆكۈمەت ئادەم جىقلىقى ئاپەت بولۇپ ئادەمدىن زېرىكتىمۇ؟ ياق. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، ئۇ مەڭگۈ ئۆز خەلقىدىن زېرىكمەيدۇ. ئۇنىڭ زېرىكىدىغىنى ئۆز خاراكتېرىنى جارى قىلدۇرالماي، ئادەمدىن ئىبارەت ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىنمۇ كۈچلۈك ئېنېرگىيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماي ئىسراپ قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئاجىزلار. ھازىر ھۆكۈمەتكە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا زېھنىنى، تىرىشچانلىقىنى ئايىمايدىغان نۇرغۇن سەرخىللار كېرەك. جۇڭگودا ئادەم جىقلىقى، ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ جىقلىقىنىڭ ئەكسىچە نۇرغۇن يېڭى نازۇك تېخنىكىلىق ساھەلەرگە كېرەكلىك خادىملارنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئىچكىرىسىدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ ئوزۇقشۇناسلىق سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە تېخى نەچچە ۋاق بار تۇرۇقلۇقمۇ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلار تەرىپىدىن ئالدىن زاكاس قىلىنىپ تالاشتا قالغان. . .

بالا ئوقۇتقاننىڭ پايدىسى قالمىدىمۇ؟ ياق. مائارىپ ئىنسانلارنى جاھالەت دەۋرىدىن تارتىپ چىقارغان، تەربىيە ئىنساننى گۈزەللەشتۈرگەن، ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكۈزگەن. بۇ يەردىكى مەسىلە قانداق ئوقۇتۇش، نېمىنى ئوقۇتۇش مەسىلىسى. قانداق ئوقۇش مەسىلىسى؟

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، بىرتۇتاش ئوقۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتەك پىلانلىق ئىگىلىك شەكلى مائارىپىمىزدا ئاساس قىلىنىپ كەلگەنىدى. بۈگۈنچۇ؟ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش ئىشى

بارا - بارا نىسبىلىككە يۈزلىنىشكە باشلىدى. گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەقسىم بولغان ئورۇن تەرىپىدىن رەت قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرقانچە قېتىم تەقسىم قىلىنىپمۇ خىزمەت ئورنى تاپالمىدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، رېئاللىق يېنىمىزغىلا كېلىپ قالدى. بۈگۈن ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن، ئەتە موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي قالمايدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى، خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى يىلدىن - يىلغا قىيىنلىشىپ، تەسلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار رېئاللىق ئالدىدا خىلمۇ خىل سوئاللارغا دۇچ كېلىشكە باشلىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ راستتىنلا ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان ئورۇنلار يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كېتىۋاتامدۇ؟ جۇڭگونىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى غايەت زور ئىسلاھاتى - ئاز بولمىغان زاۋۇت، كارخانىلارنى پارچىلاپ، نۇرغۇن خادىملارنى ئىش ئورنىدىن ئايرىدى. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئىش ئورۇنلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئاجىزلارنىڭ شاللىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىر تۇتاش تەقسىماتتىن ئايرىلىپ قېلىش شۇنداق قورقۇنچلۇقمىدۇ؟

ياق، پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى خاتىرجەملىك ئەقىللىقلار بىلەن دۆتلەر تەڭ دېيىلىدىغان تۇزۇلمە ئادەملىرىمىزنىڭ نەپسىنى بىخۇتلاشتۇرغان. بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش دەۋرى بىلەن خوشلىشىش، دېمەك رىقابەتسىز دۇنيادىن خوشلىشىش، تەييارتاپلىقتىن خوشلىشىش، ئەقلىمىزگە تۇشلۇق باھاغا ئېرىشەلمەسلىك بىلەن خوشلىشىش دېمەكتۇر. بۇ خىل خوشلىشىش، ھۆرۈنلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ. تىرىشچانلارغا بولسا نۇرغۇن ئېسىل پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارغا نىسبەتەن بازار ئېھتىياجى تەلىپى ئىمتىيازلىقلارنىڭ بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا تەقسىمات بازىرىدا يېڭى چىرىكلىك ئاپىتى يامرايدۇ. لېكىن تەڭشەك ھامان بىر ئىزغا چۈشىدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئۆز ئىرادىسىغا بوي سۇندۇرالمايدۇ، بازار ئىگىلىكى قانۇن ئىگىلىكى ۋە بىلىم ئىگىلىكى تەرىپىگە تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىمىزدا ئىقتىدارلىقلار ھەرگىز يەردە قالمايدۇ.

رىقابەت، رېئاللىق ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن يېڭى يوللارنى ئاچتى. كۆمۈلگەنلەر بايقالدى. ئېلىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭدا خېلى كۆپ زاۋۇت، كارخانىلار يېڭى كۈچ بىلەن مەيدانغا چىقتى. نۇرغۇن دۆلەت ۋە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلەر قۇرۇلدى. كەسىپلەر كۈنسايىن ئىنچىكىلىشىپ، نۇرغۇن كەسىپىي تېخنىكىلىق ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن يېڭى كەسىپ ۋە ئورۇنلار خادىملارغا زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولۇپ، تېخنىكىلىق ئورۇنلارنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارلىق كەسىپ ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئىقتىدارلىق ستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنى سىنايدىغان، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان كۈنلىرى (ھەقىقىي ئىقتىدار يېتىلدۈرمىگەنلەر ئۈچۈن قورقۇنچلۇق كۈن) ئاخىر يېتىپ كەلدى. سىز ئەركىن تاللايدىغان ھەم سىزنى تاللايدىغان يېڭى يول بىزگە يېقىنلاپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنىلا تەقسىماتقا قاراپ تۇرۇش، بۇرۇنقىدەك ھۆكۈمەتكە يۆلىنىپ تەقسىماتنى سەۋر بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

## ئالىي مەكتەپكە كىرىش تۆمۈر تاۋاقتا ئېرىشىشكە باراۋەرمۇ؟

نوپۇزنىڭ باقىۋەندىلىكى، بۇيۇكلىكى بىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان زامان تەلىپىنىڭ ئەكسىچە شاللاش ۋە رىقابەتنى چەتكە قاقىدۇ. بۇرۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاز ئىدى، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئون يىل مابەينىدە ئېلىمىزدە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا نۇرغۇن ئورۇن، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش شەكلىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ دىپلوم رىقابىتىنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتەردى. شەھەرلەردىن تارتىپ ناھىيىلەرگىچە ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن ياشلارمۇ ئالىي مەكتەپ كۇرسى دىپلومىنى ئېلىشقا باشلىدى. مەكتەپ، سىنىپلار تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولدى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇنداق خۇشال ئىدى، چۈنكى ئىككى يىل ئوقۇپلا دىپلومغا ئېرىشىۋالسا ھەممە ئىشى پۈتەتتى. دېمىسىمۇ بۇ يىللاردا فېئوداللىق ئاسارىتى كۈچلۈك بولغان خەلقىمىز تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ماھىيەتتىن كۆرە ئىسپاتنى، شەكىلنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. مەيلى ئۇ ئىچكىرى ياكى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسۇن ياكى ئىككى يىل ئوقۇپلا دىپلوم ئالغان بولسۇن، ھەممىسى بىر تاياقتا ھەيدەلدى. دىپلوم ئىقتىدارنىڭ يۈكسەك ئىسپاتى قىلىندى. بۇ خۇددى خەنزۇ مەسەللىرىدىكى پۇتقا ئىشەنمەي ئاياغ رەزمىرىگە ئىشەنگەندەكلا بىر ئىش ئىدى.

بۇ خىل سۇنئىي ئۇسۇلدا ستۇدېنت ئاۋۇتۇشنىڭ ئاجىز يەرلىرى ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلاندى. پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بۇ خىل مەكتەپلەر تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتنىڭ باش ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلىسىگە ئايلاندى. جەمئىيەت ئۇلاردىن قاچتى. بىر تۈركۈم دىپلومى بار ساپاسىزلار قوشۇنى مەيدانغا كەلدى. ئوقۇغۇچىلار دىپلومدىن ئىبارەت تۆمۈر تاۋاق بېلەتكە ئېرىشىپ ھاياتى كاپالەت تاپماقچى. لېكىن ئەنئەنىۋى تۈردىكى نەزەرىيىۋى كەسىپلەر بويىچە قارىغۇلارچە كېڭەيتىلگەن، كۆپەيتىلگەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ئەسلىدىنلا ئارتۇقلۇق قىلغان بۇ دائىرىنى تېخىمۇ كىرىزىسكە پاتۇردى. ئېھتىياجلىق، ئۈنۈملۈك كەسىپلەردە ئوقۇتقۇچى كەملىك سەۋەبىدىن شۇ كەسىپلەردە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشمۇ ئالدامچىلىق بىلەن ئاياغلاشتى. كۇرس ۋە كەسىپ تۈرى ھەيۋەتلىك، لېكىن ئۆتكەن دەرسلەر ئاتام ئىيتقان بايىقى دېگەندەك ئىشلار داۋاملىشىۋەردى. ئوقۇغۇچىلار-مۇ بۇ يەرگە پەقەت دىپلوم ئۈچۈنلا كەلگەچكە تاكى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپالمىغۇچە قارشى چىقمىدى.

- مائارىپ كومىتېتىغا ئەرز قىلىمىز، بىزنى ئىككى يىل بىكار ئەخمەق قىپتۇ. خىزمەت تاپالمىدۇق، قېنى خىزمەت؟

- دەرسنى ياخشى ئۆتمەي كۆپچىلىكىمىز ئۆتەلمىدۇق.

- نۇرغۇنلىرىمىز خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىدۇق.

بۇگۈنكى ئاچچىق رېئاللىق، ئاخىرى ئىككى يىل دىپلوم ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنى چۇقانغا سالدى. ئەمدى دىپلوم ئۆز سېھرىي كۈچىدىن ئاستا - ئاستا قېلىپ، ئىقتىدار، بىلىم دۇنيا تەختىگە چىقماقتا ئىدى.

مەملىكىتىمىزدە يېقىنقى يىللارغىچە كەسپىي ۋە ساپا مائارىپىغا ئېتىبار بېرىلمەي قالدى. ئېتىبار بېرىلسىمۇ بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشىغا سەل قارالدى.

يېقىندا كومپيۇتېر كەسپىدە ئۈچ يىل مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كومپيۇتېر ئالدىدىكى مەشغۇلاتىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

- سىز بۇ سىستېمىلارنى ئىشلىتىپ باققانمۇ؟

- ياق، ئىشلىتىپ باقمىغان.

تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، ئىشتىن سىرت كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىدىغان ھەتتا

كومپيۇتېر لاياقەتلىك ئىمتىھانىغىمۇ قاتناشمىغان كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتسىز كەسىپ ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن چېغىمدا بۇلارنى بەش قولدەك بىلەتتىم.

— بىزگە ئۆتىدىغىنى پۈتۈنلەي نەزەرىيىۋى بىلىملەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە BASIC تىلى، DOS قا ئوخشاش زاماندىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان، كونا، ئەنئەنىۋى دەرسلىكلەر. . . — ئۇ بىرھازاغىچە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن نارازىلىق كەيپىياتى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق، بىز بۈگۈن مائارىپىمىز ئۈستىدە رەھىمسىزلەرچە ئويلانمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. كومپيۇتېرلا ئەمەس، ئالىي مەكتەپ قۇرۇلمىسىدىكى بارلىق كەسىپلەر يەنىلا 80 - يىللاردىكى ئەنئەنىۋى دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىدىن ماتېرىياللىرىدىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ، دەرسلەر يېنىك؛ بوش ۋاقىتلار كۆپ، ئوقۇغۇچىلار سائەت - سائەتلەپ نەزەرىيە قايىنىمىغا غەرق قىلىنماقتا. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە قىممەت، ئىگىلىك يارىتىش، ئىقتىسادىي ئاڭ جەھەتتە قانچىلىك ئەمەلىي بىلىم ئۆگەتتى؟

## قېنى، بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى

— مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە نۇرغۇن غايىلىرىمنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قېتىلغانىدىم. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتىدىغان بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا خۇددى ئۆز كاللامغا سىڭدۈرگەندەكلا سىڭدۈرۈۋېتىشنى ئويلايتتىم. قېلىپلاشقان دەرس پروگراممىسى دائىرىسىدە دەرس ئۆتۈش ئىنتايىن ئوڭاي ئىش. ئۇ، ئەڭ ئىقتىدارسىز، ئەڭ يارامسىز كىشىنىڭ قولىدىنمۇ كېلىۋېرىدۇ. دەرس پروگراممىسى مېنىڭ نەزىرىمدە بەك ئاددىي، ھەتتا ۋاقتى ئۆتكەن. شۇڭا ئۆتۈلىدىغان دەرس ئۈچۈن كىتابخانا، كۇتۇپخانىلاردىن ماتېرىيال ئاقتۇراتتىم. كېيىن بۇ تىرىشچانلىقىم ساددىلىق، ئەخمەقلىق بولۇپ ئىسپاتلاندى. ئوقۇغۇچىلار ماڭا قارشى چىقتى. چۈنكى مەن باشقا ئوقۇتقۇچىلاردەك دەرسنى ئىمتىھان دائىرىسىدىلا دەپ بېرىپ ھەتتا مەۋسۇم ئاخىرىسىدا ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاشكارىلاپ دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەمەس ئىدىم، پەقەت دىپلوم ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى ئالدىدا مەن باش ئەگدىم، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۆز دەرسلىرىمنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئاز ئويلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە قېتىلىپ يۈردۈم. بۇ ھالىمنى بىر بەڭۋاش ئوقۇغۇچى بۇزۇۋەتتى.

— مەكتەپ دېگەن ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىلىم سالىدىغان، ھاياتلىق ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان يەرغۇ مۇئەللىم، — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدىم مەن.

— لېكىن بۇ مەكتەپتىكى كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار ماڭا ئۆچ، چۈنكى مەن ئۇلاردىن تولا سوئال سورايمەن، مېنىڭ دەرس تېمىسىدىن ھالقىغان بەزى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتى يوقمىش، بۇ سوئاللىرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ قويارمىش.

مەن بۇ ئوقۇغۇچى بىلەن خېلى مۇڭداشتىم. ھېس قىلدىمكى، بۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، مەلۇم ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، ئۆزىدە ھەقىقىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىدىكەن. شۇڭا ئۆز - ئۆزىنى ئالداش خاراكتېرىدىكى يادلاشقا تايىنىپ ئۆگىنىش ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا يات ئىكەن. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ گەپلىرى مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپ قويدى.

— مۇئەللىم، 16 يىل مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپسىز، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭىزنى پۇلغا سۇندۇرۇپ «مەن زادى قانچىلىك پۇلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يارايدىكەنمەن» دەپ ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ باقتىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كاللامنى بىر خىل ھەيرانلىق قاپلىدى. شۇنداق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ھەققىدە ئويلاپ باقمىغان. ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن 400 يۈەن مائاشنى بىلىمىمنىڭ قىممىتى دەپ بىلىپ كەلگەنىدىم.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يۇرتىدا تىجارەت قىلىپ خېلى جىق پۇل تېپىۋاتقانىكەن، تىجارەت جەريانىدا خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىچكىرىدىكى چوڭ زاۋۇتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قىيىنىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىپ بۇ خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەپتۇ. ئۇ داۋاملىق پۇل تېپىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ كەلگەچكە دەرسلەرنىڭ سائىتىنىمۇ پۇل بىلەن ئۆلچەپ بېقىپتۇ. لېكىن ئەمەلىي دەرسلەردىن كۆرە نەزىرىيىۋى دەرسلەرنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردا جۇڭگو جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش، بۈگۈنكى يېڭىلىق، مائارىپقا يېڭى تەلەپ - سوئاللارنى قويدى. دىپلومنىڭ سېھرىي كۈچى كۈنسايىن ئاجىزلاپ، ئىقتىدار رىقابىتى مەيدانىغا چىقتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممىنى مائارىپقا ئارتىش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە بۈگۈن مائارىپىمىزدىن بىھۇدە قاقشاۋېرىش ئاقىلانىلىق ئەمەس. ئەڭ ئاقىلانە چارە خۇدانىڭ ئەڭ ياخشى ئىنئامى بولغان كاللىسىنى ئىشلىتىش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش. جەمئىيەت بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بايقاپ ئالىي مەكتەپ كەم قويغان جايلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تولۇقلاش، كۈچلەندۈرۈش، ئالىي مەكتەپ ھەرگىز ئەڭ كېرەكلىك بىلىملەرنى كاللىمىزغا ئوپېراتسىيە قىلىپ سېلىپ قويىدىغان قۇدرەتلىك دوختۇر ئەمەس. ئۇمۇ بىر ئىنساننىڭ ئەقلىي ئالدىدا پاسسىپ سىستېما. ئەجدادلار «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دەپ دانا ئېيتقان. بۈگۈن بىر رېئاللىق بىلەن قانچە تېز ئۇچراشساق، ئەتىمىزدىن شۇنچە تېز ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

**مەن ئوقۇغۇچى، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈمگە ئوقۇتقۇچى. باشقىلار 100 نومۇر ئالسا، مەن ئۆزۈمگە مىڭ نومۇر قويالايدىغان بولۇشۇم كېرەك**

بىزدە تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلار ئاز بولمىسىمۇ، ئەمما نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرىغا نىسبەتەن ئۇلار يەنىلا ساناقلىق. ياش دوكتور، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى دىلشات ھېۋزۇللانىڭ ئۆگىنىش ھاياتىنى بۈگۈنكى دەۋر ستۇدېنتلىرىمىز ئۈرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىشقا ئامراق ئىدى. ئۇدا 1 - سىنىپتىن 7 - سىنىپقىچە خەنزۇچە ئوقۇغان. ئۇ خەنزۇ سىنىپتا ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا بەك كەم تېپىلىدىغان ھەم ئۇلارنى داغدا قويۇۋاتقان ئون نەچچە سائەتلەپ مىدىرلىماي دەرس تەكرارلاش بىلەن بەرداشلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئۇيغۇرچە مەكتەپكە ئالماشقاندىن كېيىن ئۆگەنگەن. ئالمىشىپ يېرىم يىل ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىدە مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولغان. تولۇق ئوتتۇرىدىن كېيىن دەرسلىكلەرنى ئالدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كومپيۇتېر، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئۆز نىشانىنى بەلگىلىۋالغان، ئۆزىنىڭ چوقۇم بىر يېتۈك ئالىم بولۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

ئۇ ئالىي مەكتەپ قويىدا بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باستى: ۋاقىتنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى، تىرىشچانلىقى

تۇپەيلى ھەر كۈنى كېچىسى تۆت سائەتلا ئۇخلاپ ئادەتلەندى، باشقا ۋاقىتلىرىدا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدىن كەتمەيتتى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدە كومپيۇتېر بولمىغاچقا فاكۇلتېتنىڭ كومپيۇتېرخانىسىدا، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كېچىككىنە بىر كارىۋات قۇرۇۋېلىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە كومپيۇتېر ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، پروگراما تۈزۈش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى).

ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

- ئىزچىل 100 نومۇر بىلەن باشلانغۇچتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغان ئوقۇغۇچى ئالىم بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى ئاشۇ 100 نومۇر ئالدامچى، شېرىن قانائەت. مەن ئۇنىڭغا ئالدانمايمەن. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ئوقۇتقۇچى، نومۇرنى ئۆزۈم قويىمەن. ساۋاقداشلىرىم 100 نومۇر ئالسا، مەن مىڭدىن ئارتۇق نومۇر ئېلىشىم كېرەك. لېكىن مۇئەللىمىم بۇ نومۇرنى قويالمايدۇ، بۇ نومۇرغا لايىق دەرسنى ئۆتەلمەيدۇ، ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى بىلىم بەرگۈچى ئەمەس، بەلكى بىلىم ئېلىشقا يېتەكلىگۈچى، ئوقۇغۇچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يول باشلىغۇچى ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىنى ئالدىغا ئىتتىرگۈچى بولۇشى كېرەك. 100 نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچى بىلەن 50 نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاران 50 نومۇر، پاراۋۇز بىلەن ۋاگون ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 500 مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. مەن ئالىم بولالايمەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەندەك ئىزدىنىۋاتقان، ماڭا رىقابەت، يوشۇرۇن جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرۇۋاتقان سانسىز ئادەم بار. مەن سىنىپىمدىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق تەڭتۇشلىرىم بىلەن رىقابەتلىشىمەن. لېكىن ئوقۇتقۇچۇم ئۆتكەن دەرسلەر مېنى ئالىم قىلالمايدۇ.

ئۇ، شۇڭا داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ، ئارزۇسىنى تولدۇرىدىغان جەدۋەلگە بىرىنچى بولۇپ كومپيۇتېر كەسپىنى يازغان، كومپيۇتېرنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى چىقىش يولى قىلىپ تاللىۋالغانىدى. ئۇ، داشۆگە چىققاندىن باشلاپلا پۇختا ئىگىلىگەن ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق ياپونچە، ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ كومپيۇتېر ئۆگەندى. ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ياپونىيەدە ئوقۇپ كەلگەن بىر ياش ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچى بولغانىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىسىدىن ئۇنىڭ ياپونىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەڭ يېڭى ماتېرىياللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ماتېرىياللارنى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھوشۇر ئىسلام باشچىلىقىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدىن باشلاپ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقاندىن كېيىن سىياسىي دەرسلەردىن باشقىلىرىغا ئالدىن ئىمتىھان بېرىپ ستۇدېنتلىق ھاياتىنى سىنىپتا ئەمەس، تەتقىقات ئىشخانىسىدا تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز مەكتىپىگە يەنە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى، ئاسپىرانتلىق دەرسلىرىنىمۇ ئالدىن ئىمتىھان بېرىپ ئاسپىرانتلىق ھاياتىنىمۇ تەتقىقات بىلەن ئاياغلاشتۇردى. ئۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ھوشۇر ئىسلامنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئارتقۇزدى. ئۇ ئاخىر ئېيتقانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ھازىر «ئەنگلىيە شەرقىي لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتى» دا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۈگۈنكى كۈندە قۇرۇق نەزىرىيە ھەممىگە قادىر ئەمەس، ئىدارە، ئورگانلار، زاۋۇت، كارخانىلار، شىركەتلەرمۇ ھەقىقىي ئىقتىدارغا قاراپ ئادەم تاللاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ رېئاللىق بىلەن باغلىنىشى

www.uyghurkitap.com



مۇھىم، ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار مەنبەسى بولۇشى كېرەك. ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش ئەنە ئاشۇ ئىقتىدار مەنبەسىنى ئېچىش دېمەكتۇر.

## يەنە بىر مىسال: ئۇ، تەقسىماتنى كۈتۈپ ئولتۇرمىدى

ئۇ سىنىپىمىزدىكى دەرسكە كۆپ قول كۆتۈرىدىغان ساۋاقداشلاردىن ئەمەس ئىدى، ھەممىدىن سەھەر ئورنىدىن تۇرسا، ھەممىدىن كەچ ياتاققا قايتاتتى. ئۆز كەسپىگە قارىغاندا، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى مۇھىم دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا تىل ئۆگىنىشكە نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلمەس چىدامچانلىق روھى بولۇشتىن سىرت، ناھايىتى تېز ئىگىلىۋالغان ئىقتىدار ۋە ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇ كۇرسلاردا ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆلۈك ھالدا تاشلاپ قويۇشنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنى تىل ئۆگىنىش دەپ قارىمايتتى. بەش يىل جەريانىدا مەكتەپكە كەلگەن ھەرقانداق بىر ئامېرىكىلىق، ئەنگلىيىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ ئۇلار بىلەن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىنگلىزچە سۆزلىشەتتى. بىلمىگەنلىرىنى سورايتتى. ئۇ تارتىنچاقلىقنى بىلىم ئىگىلەشتىكى قورقۇنچاقلىق، يارىماسلىق دەپ قارايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدىكى تەتىللەردە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى باشلاپ تەرجىمان سۈپىتىدە شىنجاڭنى ئايلىنىشنى باشلىسا، 4 - يىللىقتا رەسمىي كۇرس ئېچىشنى باشلىۋەتتى...

ھايت - ھۇيت دېگۈچە بەش يىل شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىمىز تەقسىمات كۈتۈش ئالدىدا تۇراتتۇق، ئەمما ئۇ كۈتۈپ ئولتۇرمىدى، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە يۇرتى قەشقەرگە قايتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ بۇنى ئاللىبۇرۇنلا ئويلاپ قويغانىدى. چۈنكى قەشقەرنىڭ چەت يېزىلىرىدا تېخى كىشىلەر ئىنگلىز تىلىغا موھتاج ئەمەس، ئۇ ئۆز پىلانى بويىچە ئۈرۈمچىدە قالدى.

ئۇ بۈگۈنگىچە بىرەر ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلىمىدى، ئەمما جەمئىيەتنى چۈشەندى، ئىقتىدارىمنى نېمىشقا جارى قىلدۇرمايمەن؟ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە 4 - 6 گىچە كۇرس ئاچسا، كەچلىرى 6 - 8 گىچە بىرقانچە ئائىلىدە ئىنگلىز تىلى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى ھاياتىنى باشلىۋەتتى. كۈندۈزلىرى بىكار قالمىدى، رۇس تىلىنىڭ سودىغا دائىر بۆلەكلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، چېگرا رايون مېھمانخانىسى ئەتراپىدا سودا قىلدى.

- مۇھەممەت ساۋۇت، ئەمدى بالدۇرراق بىرەر ھۆكۈمەت ئورنىغا كىرىۋالساڭ بولاتتى، - بىز ئۇنى نېمە دەركىن دېگەن ئوي بىلەن پات - پاتلا بۇ سوئالنى قويۇپ قوياتتۇق.

- راستىنى ئېيتسام مېنىڭ ئەمدى ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلىگۈم يوق، ئادەمدە ئىقتىدارلا بولىدىكەن، ئۇ مەڭگۇ كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر سىلەرنى نەچچە قاتلاپ پۇل تېپىۋاتسام، ئىقتىدارىمنى بىر ئوبدان جارى قىلدۇرۇۋاتسام، كەلگۈسىدە مىليونېرغا ئايلىنىپ كېتەمدىمۇ تېخى!

ئۇمۇ ئۆز جاۋابىنى چاقچاق، ياق توغرا بىر ھەقىقەت بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى.

شۇنداق، ئۇ ئېيتقاندەك ئادەمدە ئىقتىدارلا بولىدىكەن، مەڭگۇ كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. بۈگۈن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىككى يول يېيىلىپ ياتىدۇ، قېنى قايسى يولنى تاللايسىلەر؟ بۇنىڭغا ئىككىلىنىش كەتمەيدۇ، چۈنكى سىلەر بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، كەلگۈسىڭلار باسقان ھەر بىر قەدىمىڭلاردا... لېكىن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇلماڭلار. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا خەنزۇچە بىلگەن ئادەم خېلى ئادەم ھېسابلىناتتى. ھازىر خەنزۇ تىلى بىلىش جەمئىيەتنىڭ ئەقەللىي تەلىپىگە ئايلاندى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە چەت ئەل تىلىمۇ شۇنداق

بولۇشى مۇمكىن. مەملىكىتىمىز تاموجنا بىجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن چەت ئەل تىلىغا پىششىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تەخىرسىزلىكى تېخىمۇ روشەن ئاشكارىلىنىدۇ.

## بۇنىڭدىن كېيىن كىرىمى ياخشى بولغان شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا يۇقىرى مائاش بىلەن ئىشلەش قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىدۇ

خىزمەتكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان مەكتەپدىشىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ لىق مال بېسىلغان ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى ھەيدىگىنىچە، تەرلىرىنى سۈرتكەچ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىز بىرھازا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ «XX سودا چەكلىك شىركىتى» دە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم.

— ئايدا قانچىلىك مائاش ئېلىۋاتىسەن؟ — قىزىقىپ سورىدىم مەن.

— ئىشلىگەن ئىشىمغا قاراپ ئالىمەن، ئايدا 1000 يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتىدۇ.

— سېنى داشۆسىڭ دەپ مائاشنى كۆپرەك بېرىدىكەن - دە!

ئۇ بىرھازا كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— نېمە دەيدىغانسەن ئاداش، مەنلا ئەمەس ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر...

ئۇ تولىمۇ ئالدىراش ئىدى، قىسقىلا پاراڭلىشىپ خوشلاشقان بولساقمۇ، ئەمما بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى يولى مەندە ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي شىركەتنىڭ دىرېكتورى نىجات ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم.

— شىركەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن تەشكىل تاپقانىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — ئۇ بىر خىل پەخىرلەنگەن قىياپەتتە سۆزىنى باشلىدى، — شىركەت خوجايىنى مىرادىل ئېچكىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مەن شىنجاڭ داشۆنى پۈتتۈرگەن، باشقىلار بولسا شىئەن، شاڭخەي، شىنجاڭ داشۆ، مالىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سودا، توقۇمىچىلىق، قانۇن، سىياسىي، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر، شىركىتىمىزنىڭ بۇ رېئاللىقى بىزنىڭ بۈگۈن ۋە ئەتىكى غەلىبىمىزنىڭ ئاساسى. چۈنكى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە، بىر كارخانىدىكى ساپالىق كىشىلەرنىڭ، يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەرنىڭ سانى قانچە كۆپ بولسا كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، پايدىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدىكەن. نۇرغۇن ئىشلارغا پايدىسى بار ئىكەن.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كۆپلىگەن شىركەتلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، ئەمما بىر مۇنچىلىرى ئۇزۇنغا بارمايلا ۋەيران بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ شىركەتلەر ئىقتىدار، قابىلىيەت ئاساسىغا ئەمەس، تۇغقانچىلىق، يېقىنچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا رىقابەت ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە يېقىتىۋاتىدۇ. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قاتماللىق ھادىسىسى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

مانا بۈگۈن بىزلا ئەمەس، نۇرغۇن ئورۇن، شىركەتلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئەمدىكى گەپ يەنىلا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاتماللىقتىن قۇتۇلۇش، قۇتۇلالماسلىقىدا قالدى.

گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە مەن مەسىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنىلا چوڭقۇرلىشىپ، نازۇكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە دەرھال سوئالىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

— سىز ھازىرقى خېلى كۆپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ستۇدېنتلارنىڭ جەمئىيەتتە بىزگە تېگىشلىك ئورۇن قالمىدى دېگەن قارىشىغا قانداق قارايسىز؟

— شىركەت يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغدا بىز ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردۇق. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شىركەتنىڭ شەخسىي شىركەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا كېتىپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلاردا جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە ئەگەشكەن ھەقىقىي قاراش، ئاڭ تېخى يېتىلمىگەنىدى. ئۇلاردا پەقەت كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى رېئاللىق ئۈچۈنلا تەييارلىق بار بولۇپ، بۇ ئورۇندىن ئايرىلسا ئەتە نېمە قىلىشىنى راستتىنلا بىلمەيتتى.

بۈگۈن شەپقەتسىز، تەخىرسىز رېئاللىق كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ قالدى. مېنىڭچە ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خىزمەتتە ھۆكۈمەت، شەخسىي دەپ ئولتۇرسا يەنىلا كونا سەنەمگە دەسسىگەنلىك بولىدۇ. رېئاللىق شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شىركەت، زاۋۇت، تېخنىكىلىق ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشى تۇرغانلا گەپ. بىخ ھالىتىدىكى بۇ ئورۇنلار كەڭ كۆلەمدە رىقابەت، دەۋرگە ماسلاشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا موھتاج بولىدۇ، ئەلۋەتتە. كېلەر يىلى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تەتقىقات، تېخنىكا كۈچى جەھەتتىن كۆپ ئىقتىدارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا موھتاج بولىمىز.

ئۇيغۇرلار سودىسىدا تاۋار كىرىزىسى ئەمەس، پۇل كىرىزىسى يۈز بېرىۋاتىدۇ. يەنى ئەينى چاغدىكى بازاردا ھەسسىلەپ پۇل تاپقان پۇلدارلار بۈگۈنكى تېخنىكا، ئەقلىي كۈچ، رىقابەت بازىرىدا تەمتىرەپ قېلىۋاتىدۇ، بازارغا كىرەلمەيۋاتىدۇ ۋە ياكى بازارغا كىرىپ ئىش قىلىۋاتقانلارمۇ ھالقىلىق پەيتلەردە يولىنى تاپالمايۋاتىدۇ. ئۇلاردىن خېلى كۆپ قىسمى يەنىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بازار رىقابىتىگە كىرىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ ئورۇنلارمۇ كۆپلەپ ستۇدېنتلارغا موھتاج بولماقتا. ئەمما بىزنىڭ خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىدىغان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالالايدىغان روھ تېخى يېتىلگىنى يوق. ئالىي مەكتەپ قالپىقى ئۇلارغا ھاكاۋۇرلۇق، كۆرەڭلىك ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ.

«ئىنسان ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى». ئەمدى بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز ئەنئەنىۋى يۆلەنچۈك ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىدىن، ئەنئەنىۋى قالپاق قاراشلىرىدىن تېزرەك خوشلاشمىسا ئۇلارنىڭ ئەتىكى تەقدىرىنىڭ يەنىمۇ خەۋپلىك بولۇشى تۇرغانلا گەپ.

## ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكىدىن يېتىلدۈرگەن كىچىك بالا

**زىيارەت قىلىنغان ۋاقتى: 1999 ـ يىل 3 ـ ئىيۇل.**

**قىسقىچە ئارخىپى:** بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ ستۇدېنتلارغا جەڭ ئېلان قىلغان. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق كومپيۇتېر ئۆگىنىپ 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن ئۆز يۇرتىدا يەنى چەت بىر ناھىيىدە شىركەت قۇرغان، يېرىم يىلغا بارمايلا 80 مىڭ يۈەن پۇل تاپقان. ئۇلار

هازىر ئۆزلىرىلا يۇمشاق دېتال ئىشلەشكە كىرىشكەن. ئاكىسى مۇنداق دەيدۇ: ئىنىمنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپمۇ پروگراممىا تۈزگىلى، يۇمشاق دېتاللارنى ئېچىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغىلى، ئىقتىدارنى ئۆزلۈكىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش يولى بىلەنمۇ مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەندىن قېلىشقۇسىز دەرىجىدە ياخشى يېتىلدۈرگىلى بولىدىكەن.

**مۇخبىر:** ئاڭلىساق، سىلەر ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلار ئائىلەڭلەرگە ئۇياقتىن كومپيۇتېر ئېلىپلا بۇ ياقتىن كومپيۇتېر مۇلازىمەت شىركىتىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرۈپسىلەر. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىپ باققانمۇ؟

**پەخىردىن** (ئۇكىسى): مېنىڭ كومپيۇتېر بىلەن ئۇچراشقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاكامنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر سىنىپ ساۋاقدىشى، ھازىرقى ئۈرۈمچى قىزىل بايراق كومپيۇتېر توپ تارقىتىش سودا سارىيىغا جايلاشقان «ئەنقا ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئالىم ئەھەتنىڭ ئېغىزىدىن، ئۇ تەتىلدە شايارغا كەلگەنلىرىدە كومپيۇتېر ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغان ۋە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغانىدىم. مەن ئۈچ يىل بۇرۇن كومپيۇتېر بىلەن ئۇچرىشىپ باققان.

**مۇخبىر:** شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

**پەخىردىن:** مەن ئۇ چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم. بىر كۈنى چۈشتە ئۆيگە كېتىۋاتسام، يېڭىدىن ئېچىلغان كومپيۇتېردا خەت ئۇرۇش، خەت كۆپەيتىش دۇكىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كىرىپ قارىسام، بىر خەنزۇ قىز كومپيۇتېر ئالدىدا تاماق يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر خەنزۇ ئەرمۇ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ تۇرقىدىن مۇشۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم.

- بۇ كومپيۇتېرنى قوزغىتىپ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ - دېدىم ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

- كۆرسەڭ بولىدۇ، - دېدى ھېلىقى ئەر، - قارىغاندا سەن قىزىقىدىغان ئوخشىمامسەن؟ ياخشى، مەن بۇ پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدىن كومپيۇتېرغا قىزىقىدىغان بىرىمۇ ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم. سەن ئۇيغۇرچە خەت ئۇرالامسەن؟

- ئاۋۋال ئۇيغۇرچە قانداق مەتبەئە سىستېمىسىنىڭ قاچىلانغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، - دېدىم مەن سالماقلىق بىلەن خۇددى خەت ئۇرۇپ باققان، پىشقان ماشىنىستلاردەك. ئەمەلىيەتتە، مەن كومپيۇتېر ھەققىدىكى ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىن. . .

**مۇخبىر:** (ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ) كەچۈرۈڭ، گېپىڭىزنى تارتىۋالدىغان بولدۇم، سىز ئىنگلىز تىلىنى تولۇقسىزدا قانداقسىگە شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆگىنىۋالىغان؟

**پەخىردىن:** مېنىڭ ئاتام ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ سودا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، بوغالتىرلىق قىلاتتى. ئۇ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى. مەن سەككىز ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ماڭىمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىشكە كىرىشتى. مەن ئاتامنىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۆگىنىش ماشىنىسىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشى بىلەن تىل ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالغانىدىم، ھازىرمۇ كۈندە ئىككى سائەت ئىنگلىز تىلى، بىر سائەت خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. ئەمدى ئۆز گەپكە كەلسەك، مەن ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىن كومپيۇتېرغا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ چىققان. ئۇ خەنزۇ بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى.

- بەك ياخشى بولدى، ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن نۇرغۇن ماتېرىيال كەلدى، مەن ئۇيغۇرچە خەت ئۇرالايدىغان بىرەر ئۇيغۇر ماشىنىست تاپالمىغاچقا كەلگەن خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ قويغان، سەن ماڭا خەت ئۇرۇپ بەر، ھەققىڭنى

بېرەمەن بولامدۇ؟ - دېدى ئۇ.

مەن كومپيۇتېرغا قىزىقىپ تۇرغاچقا قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدۇم، چوقۇم ئاستا - ئاستا بولسىمۇ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپىدىن چىقالايمەنغۇ، دەپ بىر تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ باقماقچى بولغانىدىم.

- ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، بىراق بىر شەرتىم بار، - دېدىم ئۇنىڭغا.

- قانداق شەرت ئۇ، مەن بىر ئاڭلاپ باقايچۇ؟

- كومپيۇتېرنى ماڭا ئىشلەتكىلى قويساڭلارلا بولدى.

- ھا - ھا، - ئۇ كۈلۈپ كەتتى، - ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە! بىراق قولدا ئىش يوق، ماشىنا بىكار تۇرۇپ قالغاندا ئىشلەتكىن، - دېدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن بۇ دۇكاندا بىر تەرەپتىن كەلگەن ماتېرىياللارنى ئاز - ئازدىن ئۇرۇپ بەرسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يوق ۋاقىتلاردا ئاخشام - ئەتىسى ماشىنىنىڭ قېپىنى ئېچىپ، زاپچاسلىرىنى چۇۋۇپ يەنە قۇراشتۇرۇپ، سىستېمىلارنى ئۆزۈم قايتا قاچىلاپ دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بېرەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن، مەن بۇزۇپ قايتا ئەسلىگە ئەكەلەلمىگەن نەرسىلەرنى ھېچبىر قىينالمايلا ئوڭشۇۋېتەتتى. ئۇنىڭ قولى شۇنچە ئىتتىك بولسىمۇ، مەن پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ تۇراتتىم، ئادەتتە بىر كۆرۈۋالسام ئېسىمدە چىڭ ساقلىۋالاتتىم. ئاندىن ئۇلارنى ئەمەلىيەتتىن بىر ئۆتكۈزۈۋەتسەم، نەچچە يىلغىچە ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ساقلىنىپ قالاتتى. شۇ كۈنلەردە دۇكاننىڭ ئىگىسى مېنى بىكارغا خەت ئۇرغۇزۇۋالغانغا خۇش، مەن بولسام ئۇنىڭ ماشىنىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋالغىنىمغا خۇش ئىدىم. ئۇ چاغلاردا قاچانمۇ مېنىڭمۇ شۇنداق كومپيۇتېرىم بولار، دەپ كېتەتتىم. مانا ئەمدى كومپيۇتېرىملا ئەمەس، كومپيۇتېر تىجارەت مەركىزىممۇ بار بولدى.

**مۇخبىر:** شىركىتىڭلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىسىلەر؟

**پەخىردىن:** كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىمىزدە نام - ئەمەل كارتوچكىسى، تېلېۋىزىيە ئېلانى، مۇقاۋا ۋە ۋىۋىسكىلارنى ئىشلەش، سىنئالغۇ لېنتىسىنى VCD پىلاستىنكىسىغا ئايلاندۇرۇش، كونا خاتىرە رەسىملەرنى يېڭىلاش، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىش، خەت ئۇرۇش، كۆپەيتىپ بېسىش، ھەر خىل ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللارنى سېتىش ۋە ۋاكالىتەن ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىمىز.

**مۇخبىر:** تىجارىتىڭلار قانداقراق؟

**پەخىردىن:** ھەر ھالدا يامان ئەمەس. يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 80 مىڭ يۈەندەك پۇل تاپتۇق.

**مۇخبىر:** باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتىڭلارمۇ؟

**پەخىردىن:** ئاچام بانكا مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇمۇ كومپيۇتېرنى بىلىدۇ، شۇڭا ئىشتىن سىرت ئاخشام - ئەتىسى قارىشىپ بېرىدۇ. شىركىتىمىز يېڭىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا تېخى كۆپ تەرەپتىن يېتىشىپ كېتەلمىدۇق، كېيىنچە، ئىشلىرىمىز بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يۈرۈشسە، مەخسۇس خادىم تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتمەيمۇ بولمايدۇ.

ياشلار ئارىسىدا مەملىكىتىمىزدە شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيادا ئۆگىنىش ئىنقىلابى قوزغالدى، بۇ بىلىمنىڭ كۈنسېرى يېڭىلىنىشىنىڭ مۇقەررەر مەجبۇرلىشى ئىدى، مائارىپنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە قايتىدىن تونۇش ئومۇملاشتى، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ يېڭىدىن - يېڭى يوللىرى بايقالدى، ئېچىلدى.

بىز بۇ يەردە ياشلارنى ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەس، بەلكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىنمۇ ياخشىراق ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرگىلىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ قويۇشلا، خالاس. ئەجەبا، بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى بىلىملىرى بىلەن شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلالىغان يەردە، ستۇدېنتلىرىمىز نېمىشقا ئۇلارچىلىكمۇ ئىش قىلالمىسۇن؟ ! . . .

ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشتە نوقۇل ئەنئەنىۋىي مائارىپقىلا تايىنىپ قېلىش دۇنيادا ئاللىقاچان ئاياقلاشتى، دۇنياغا داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن دوكتورلار خىزمەت تاپالماسلىقى مۇمكىنكى، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي، يۇمشاق دېتال خاقانى بىل گېيتس رەھبەرلىكىدىكى مىكروسوفت شىركىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تەربىيىلەش ئورنىدا تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك بولغانلار تالاشتا قالىدۇ، 20-ئەسىردىكى كومپيۇتېر تەرەققىياتىنى خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىدەك داڭلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ئەمەس بەلكى بىل گېيتستەك كارخانىچىلار ئىقتىدارلىقلارنى ئەتراپىغا يىغىپ ئەمەلىي ئۇنۇم يارىتالىقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەملىكىتىمىزدە 80 - يىللارنىڭ باشلىرى دۆلەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تۈركۈم ئىقتىساسلىق ياشلار شىتات، مۇقىم مۇئاش، ئۇنۋاندىن ۋاز كېچىپ جۇڭگۇەنسۇندە ئارقا- ئارقىدىن شەخسىي ۋە كوللېكتىپ كومپيۇتېر شىركەتلىرىنى قۇرۇپ جۇڭگۇەنسۇننى جۇڭگونىڭ يۇقۇرى تېخنىكا مەركىزىگە ئايلاندۇرمىغان بولسا، مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كومپيۇتېر تەرەققىياتىدىكى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى.

## مەكتەپلەردىكى ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش تۈزۈمى ۋە قىلىدىغانغا ئىش تاپالماسلىق. . .

مەملىكىتىمىزدە بىرنەچچە يىل بۇرۇن، ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ تۈزۈم چەت ئەللەردە ئاللىبۇرۇنلا يولغا قويۇلغان بولۇپ، 18 ياشتىن كېيىن ئاتا - ئانىسىغا يۆلەنمەسلىك روھىدا ياشايدىغان چەت ئەل ستۇدېنتلىرىغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ يولدا ئۆزىنى تېخىمۇ تاۋلىغان، ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن.

جۇڭگودا 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بارلىققا كەلگەن بۇ تۈزۈم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا زور مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئەمدى ئاستا - ئاستا غەرب ستۇدېنتلىرىغا ئوخشاش بازارغا، رىقابەتكە، ئىقتىدار جېڭىغا ئاتلىنىشقا، ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئېلىشقا باشلىدى. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە دەم ئېلىش كۈنلىرى ياتاقلاردىن ئوقۇغۇچىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. يانفون، چاقىرغۇلارنى ئاسقان ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلاردا ئۇچرىتىپلا تۇرىمىز، ئۇنداقتا ئۇلار دەرس ئوقۇمايدىغان، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغان ناچار ئوقۇغۇچىلارمۇ؟ دەل ئەكسىچە ئۇلار ئۆز ئىقتىدارىدىن، بىلىمىدىن قىممەت يارىتىۋاتقان، دۇنيا، رېئاللىق مەسىلىدە سىزدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار. ئۇلار بۈگۈن ھەتتا بۇ يول بىلەن پۇل تېپىپ چەت ئەلدىكى داڭلىق مەكتەپلەرگە چىقىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كىرىمى ياخشى ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاتا - ئانىسى پۇل ئەۋەتىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارچۇ؟ ھەپتىدە ئىككى دەم ئېلىش دەم ئېلىش ئۇلارنىمۇ خۇشال قىلدى. دەرسلەر يېنىك، ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلانغان ھورۇنلۇق، ئويۇنخۇمارلىق سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشى ئەھمىيەتسىز ئۆتتى.

ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئاتا - ئانىسىغا

بۇ ئەدەبىي ئاخبارات كېيىنكى سانلاردىمۇ داۋاملىق چاتما شەكلىدە بېرىلىدۇ، پىكىر ۋە زىيارەت يىپ ئۇچى ۋە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تايانماي ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن زادى قانچىسى باردۇر؟ شەنبە، يەكشەنبە كۈننى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئەمەس، ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلاردىن قانچىسى باردۇر؟

## ھەقىقەتنى ئۆز ئايىغى ئاستىدىن تاپقان قىز

**ئۇنىڭ ستۇدېنتلىق ھاياتى مانا شۇنداق ئاددىي ئۆتكەنىدى.**

ليۇ جۈن ئىسىملىك بۇ قىز بېيجىڭ داشۆ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ 95 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى. ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا تەقسىماتنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن ئىگىلىك تىكلەپ، كومپيۇتېر شىركىتى قۇرۇپ، يۇمشاق دېتاللار سودىسى ئارقىلىق داڭلىق ئايال كارخانىچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ھازىر ئۇنىڭ نەچچە مىليونلاپ مەبلىغى بار.

بۇ قىز ئادەتتە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كىتابخانىلارنى ئارىلاپ كىتاب سېتىۋېلىشنى، پەلسەپىۋى كىتاب، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە رومان تىپىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە چاقىرغۇسى ۋە يانفونلىرىنىمۇ ئېتىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا كىتاب ئوقۇيدۇ.

ئۇ داشۆدىكى چاغلىرىدا سەيلە ـ ساياھەتكە ئامراق ئىدى، ھەر تەتىللىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماستىن سەيلە ـ ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مانا ئەمدى سودا ساھەسىگە قەدەم تاشلىغان ئىككى يىلدىن بۇيان سودا ساھەسىنى ئايلىنىش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈردى.

ئۇ، داشۆگە ئوقۇشقا كىرگەندە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. كۈنلىرى ئۆگىنىش قىلىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن تولىمۇ ئاددىي ئۆتەتتى. ئىككىنچى يىلى ئۇ، بىر ئوغۇل بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئوغۇل دوستى ئۇنىڭغا نۇرغۇن خۇشاللىق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەخش ئەتتى، كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۆگەتتى. ئوغۇل دوستى مۇشۇ مەكتەپنىڭ كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇيتتى، ئۇ كومپيۇتېردا خېلىلا يېتىشكەن بولۇپ، زېرەك ۋە تىرىشچان ئىدى. بىراق ئۇ، بۇ كەسىپ چەت ئەللەردە ئوبدان ئاقىدۇ، دەپ قارىغاچقا ئۆز ئۈمىدىنى چەت ئەلگە باغلىغانىدى، ئولتۇرسا ـ قوپسا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنىڭ خىيالىدىلا يۈرەتتى. ھالبۇكى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قولى قىسقا بولغاچ ئامال قىلالماي تىپىرلايتتى.

ليۇ جۈنمۇ دەسلەپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئېنىق نىشانى يوق بولۇپ، نەگە بېرىپ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ليۇ جۈن بۇ يىگىت بىلەن بىرگە چىقىپ كەتسە ئەھمىيەتلىكرەك بولىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى، ئۇلار ئىككىلىسى چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ئوغۇل دوستى ئۆز كۆچىگە تايىنىپ پۇل يىغىشنى ئويلىسىمۇ، ئۇ سودا ـ سېتىقنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىرنەچچە قېتىم ۋاكالىتەن مال سېتىپ بېرىش ئىشىنى سىناپ باققان بولسىمۇ، ئەپلەشتۈرەلمەي يېرىم يولدىلا يېلى چىققانىدى.

كېيىن ئۇ، بۇ ئوغۇل دوستىنى ئاكىسىغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ئىشلىشىپ بېرىشكە سايە قىلدى. ئاكىسى بېيجىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئىدارىدە ئىككى يىل ئىشلەپلا «دېڭىزغا چۈشكەن» ئىدى. قىزنىڭ بۇ دوستى ئاكىسىنىڭ دۇكىنىدا شەنبە، يەكشەنبىگە ئوخشاش دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئابونتلارغا كومپيۇتېر قۇراشتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. شۇ كۈنلەردە ليۇ جۈننىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇنىڭ ئاكىسىنى بىر ژۇرنالغا ئېلان بېرىشكە كۆندۈرۈشكە ياردەملىشىشنى ئېيتتى، ئاكىسى

سىڭلىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپلا ئېلان بەردى. نەتىجىدە، بۇ قىز 500 يۈەنلىك تاپان ھەققىگە ئېرىشىپ قالدى.

نېمىشقا ئۇ شۇنچىۋالا ئاددىي ئىشنىمۇ ئۆزى قىلىپ باقمايدۇ؟ ئۇ، ئويلاندى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئوغۇل دوستى كومپيۇتېر قۇراشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، بۇ قىز ئۇنىڭ يېنىدا يۈرۈپ ئويان - بۇيان چېپىپ ھەرىكەت قىلىپ بېقىبۇدى، ئويلىمىغان يەردىن ئاكىسىنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى قىلدى. ئۇ، ئۇدا شۇنداق ئۇششاق تىجارەت قىلىپ، بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل تاپتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە كۆپ پۇل تاپقىنىنى بۇ ئوغۇل دوستىغا سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ يېلىگە تايىنىپلا شۇنچە كۆپ پۇل تاپسا، ئۆزىنىڭ شۇنچە قىينىلىپمۇ تۈزۈكرەك پۇل تاپالمىغانلىقىدىن زارلىنىپ، «بۇ بەك ئادالەتسىزلىككەن» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئوغۇل دوستى دۇكانغا كەلگەن بىر خېرىدار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى ھەمدە شۇ زاماتلا بۇنداق ئىشنى ئىككىنچىلەپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىۋەتتى.

شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئوغۇل دوستى بارا - بارا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ داشۆگە كەلگىنىگە ئاللىقاچان تۆت يىل بولۇپ قالغانىدى.

ئوغۇل دوستىنىڭ GRE ۋە TOFEL ئىمتىھانلىرىدىكى نەتىجىسى دېگەندىكىدەك ياخشى چىقمىغاچقا ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ يۈرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئوغۇل دوستىغا «چەت ئەلنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نەرى بار، ئۇ يەردىكى ئاي جۇڭگونىڭكىدىن پەرقى يوق» دېۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ، بۇ قىز بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتتى.

كېيىن بۇ قىز ئۇ ئوغۇلنىڭ ئەسلىدە بېيجىڭدىكى بىر قىز بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ ئىستىقبالى بار، يەنە كېلىپ ئامېرىكىدىمۇ كۆپلىگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ ئۆزىنى كىنو ياكى ئاللىقانداق بىر رومانلاردىكى پېرسوناژلاردەك ھېس قىلدى. ئۇ، بۇ ئوغۇل دوستىنىڭ ئۆزى ئىزلەپ يۈرگەن قەيسەر، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولۇق يىگىتلەردىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

شۇڭا، ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇسىمۇ سۇسلاشتى. ئۇنىڭ ستۇدېنتلىق ھاياتى مانا شۇنداق ئاددىي ئۆتكەنىدى.

## بۇ قىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىل ئىچىدىلا ئۆز شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى

لىيۇ جۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا تەقسىماتقا قاراپ ئولتۇرماستىن شىنجېنغا بېرىپ، چەت ئەل كارخانىلىرىدا ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ رازى ئىدى. ھالبۇكى، خوجايىنىنىڭ باشقىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى قوپال ئىدى. ئۇ، يېرىم يىل ئىشلەپ بۇ خوجايىنىدىن زېرىككىنى ئۈچۈن بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

ئاكىسى ئۇنى كۆلىمى زور بىر كومپيۇتېر شىركىتىگە تونۇشتۇردى. بۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلىسىلا چىڭخۇا داشۆدە ئوقۇغانلار ئىدى. بۇ كارخانا، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە سىستېمىلارنى قاچىلاپ بېرىدىغان، فاكچېن تەۋەلىكىدىكى ۋاكالەتەن سېتىش ئورنى ئىدى. لىيۇ جۈن داشۆدىكى مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئىككى كەسپىي ئورۇننى قولغا كەلتۈرگەنىدى، خوجايىن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ، بۇ يەردە ئاساسەن كاتىپلىق ئىشىنى ئاتقۇردى. كەسپىي خىزمەت جەريانىدا ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى بىر شېرىك يولۇقتى. بۇ گۇ جۈن ئىسىملىك يىگىت ئىدى، ئۇ شىئەن قاتناش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



داشۆسنى پۇتتۇرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، مىجەزى ياخشى بولۇپ، ئۇلار تېزلا چىقىشىپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى. گۇ جۇن ھەمىشە: «بۇ ئىشنى قىلىشتا خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىش ھەل قىلغۇچ مەسىلە، فاگجېنىنىڭ ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا ئۇنچىۋالا تەس ئىش ئەمەس» دەيتتى. ليۇ جۇن «ئىككىمىزنىڭ بۇ شىركەتكە پايدىمىز شۇنچە كۆپ، بىز بۇنىڭدىن قانچىلىك پۇلغا ئېرىشەلىدۇق؟ نېمىدەپ ئۆزىمىز ئۇچۇن ئىشلىمەيمىز» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ پۇلىنى قوشقاندا 50 ـ 60 مىڭ يۈەنگە بارغانىدى. بۇنىڭ ئۆزى بىرەر ئىشنى باشلاشقا يېتەتتى.

ليۇ جۇن ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىيالىنى ئاكىسىغا ئېيتقاندا، ئاكىسى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرى. بىراق سىڭلىسى ئۇنىڭ ياردەم تەرىقىسىدە بەرمەكچى بولغان پۇلىنى كېرەك قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ گۇ جۇن بىلەن شېرىكلىشىپ 1996 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا ئۆز شىركىتىنى ئاخىر قۇرۇپ چىقتى.

ئويلاپ كۆرۈڭلار، بىر قىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئۆز شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىشى شۇنچە ئاسانمۇ؟ بىزدە بۇنداق تەقسىماتقا قاراپ ئولتۇرماي ئۆزى ئىگىلىك تىكلەش ئەمەس، ئاددىيسى تەييار ئىش ئورنىغا تەقسىملەپ قويىسىمۇ تۇزۇك ئىشلىيەلمەي، بىرىنچى يىلىدىكى سىناقتىن ئۆتەلمەيدىغان، بىر يىلدىلا رەسمىيلىشىپ بولالمايدىغانلارمۇ بارغۇ؟!

ۋەكىل بولغانىدى. ئۇلار تېزلا فاگجېنىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئۇلار بانكا ھېسابات نومۇرى ئاچقان كۈنىلا 50 مىڭ يۈەن پۇل كىرگۈزدى. دەسلەپكى ۋەزىيەت ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلاتتى. بۇ يەردە ئۇ خىلدىكى شىركەتلەر ئانچە كۆپ بولمىغاچقا دەسلەپ ئىش ئوبدان يۈرۈشتى، كېيىنچە ئەسلىدىكى شىركەت ئۇلارغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، بىرنەچچە تۈرنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەسلىدىكى شىركەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور، پۇلى كۆپ بولۇپ، گېزى كەلسە ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ليۇ جۇننىڭ بۇ شىركەتكە ئادەم ئېلىش پىلانىغا گۇ جۇن قوشۇلمىدى. قىز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، بەش نەپەر خادىم قوبۇل قىلدى. شىركەت بارا ـ بارا قىيىنچىلىقى زورىيىپ، ئاخىر ھېسابات نومۇرىدا بىرنەچچە يۈز يۈەنلا پۇلى قالدى. ئۇلار ھەتتا باشقىلارنىڭ مائاشىنىمۇ تارقىتالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئاخىر بولماي بۇ قىز ئۆز ئاكىسىدىن 5 مىڭ يۈەن ئارىيەت ئېلىپ بۇ سېرىقتال مەزگىلدىن ئۆتتۈۋالماقچى بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىشى يەنە يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۇلازىمەتچى خادىملىرى بىر ئايدا كۆپ بولغاندا 550 مىڭدىن كۆپرەك خېرىدار تاپاتتى. 1997 ـ يىلى ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ بازىرى تېز بولدى، ئۇلارنىڭ شىركىتىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇغىنىسى، ئۆكتەبىرگە كەلگەندە، بازار بىردىنلا بوشاپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئونغا يەتكەنىدى.

ليۇ جۇن ئىچكى تەڭشەشنى ئاساس، كەسپىنى قوشۇمچە تۇتاتتى، گۇ جۇن بولسا ئەكسىچە كەسپىنى ئاساسلىق تۇتۇپ، ئىچكى تەڭشەشكە قوشۇمچە ھەمكارلىشاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ياخشى ماسلىشالايتتى، خىزمەتمۇ كۆڭۈللۈك تۈيۈلاتتى.

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ يىل باھار

## ئۇ شېرىكى بولغان گۇ جۇندىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ يەككە كارخانىچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى

شىركەت قۇرۇلغاندا، ھەر ئىككىلىسى تەڭ يېرىمدىن پۇل چىقارغان، گۇ جۇن قانۇنىي

بايرىمىدا گۇ جۇننىڭ ھەدىسى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنى سىنگاپورغا كېلىشىنى ئېيتتى. ھەدىسى موتورولا شىركىتىدە ئىشلەيتتى، ئۇلار ئائىلە بويىچە سىنگاپورغا بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ھەدىسىنىڭ گېپىچە، گۇ جۇن ئۈچۈن سىنگاپور دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىپ تەق قىلىپ قويغانمىش، ئۇ MBA ئوقۇغاندىن كېيىنلا ئامېرىكىغا بېرىپ داۋاملىق ئوقۇسا بولارمىش. ئۇ، خېلى كۈنلەرگىچە قانداق قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر ليۇ جۇننى تاشلاپ كېتىپ قېلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇنىڭغا گۇ جۇننىڭ بىر قىز دوستىنىڭ سىنگاپورغا چىقىپ ئوقۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى گەپلىرىمۇ سەۋەبچى بولغانىدى. ليۇ جۇن قىز ئۈمىدسىزلەندى، چۈشكۈنلەشتى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئېلىپ قېچىپ يۈردى، ئۇنىڭ ھېچكىمنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. گۇ جۇن بۇ قىزنىڭ ئىشكى ئالدىدا كەچۈرۈم سوراپ توپتوغرا بىر كېچە تۇرۇپ كۈتتى. ليۇ جۇن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن باش قوشۇشتى. ئەمدى شىركەتنى تاقىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكمۇ؟ ليۇ جۇننىڭ ئۆزىگە تازا ئىشەنچىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ شىركەتنى تارقىتىۋېتىشنى ئويلايتتى، بىراق گۇ جۇن بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالدى. ئەتىسى يىگىت ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، سىنگاپورغا چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، تاكى چۈشكىچە يېرىم كۈن قاتتىق ئويلىنىش ئارقىلىق بۇ شىركەتنى داۋاملىق ئېچىۋېرىش نىيىتىگە كەلدى. گۇ جۇن ماڭار چېغىدا شىركەتتىن بىر تىيىنمۇ ئېلىپ كەتمىدى، ئەكسىچە قانۇنىي ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىكى ئۆز ئىسمىنى ليۇ جۇننىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتكۈزۈپ بەردى. بىراق ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇ گۇ جۇنگە تەۋە بارلىق پۇللارنى ئۇنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق پوچتىدىن ماڭدۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ يەككە كارخانىچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

## ئۇ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى يار - يۆلەكسىز، يالغۇز قالغاندىلا جارى قىلدۇردى

بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن يېڭى بىر باشلىنىش بولغانىدى. گۇ جۇن كېتىپ بارلىق يۈك ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجىز، نازۇك زىممىسىگە يۈكلەنگەن بىرىنچى ھەپتىسىلا ئارقا - ئارقىدىن كېلىشمەسلىك كۆرۈلدى: بازار باشقۇرۇش، باج تارماقلىرى شىركەتنى تەكشۈردى، بىر خېرىدار زاكاسىنى ئىناۋەتسىز قىلدى، ئاساسلىق تېخنىك قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىدى. بەلكىم تەڭرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىناۋاتقاندۇ. ئۇ، كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق بۇنىڭ يەنىلا پسىخىكىدىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. پسىخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالالىغاندىلا، ئاندىن ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى. كەسپىي ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ماسلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ليۇ جۇن لاۋ چېن ئىسىملىك قىرىق نەچچە ياشلىق بىرسىنى شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى قىلىپ ئەكەلدى. ئۇلار ئوبدان ماسلىشالايتتى.

6 - ئايدا ئۇلار ئەسلىدە بار بولغان تۈرلەر ئاساسىدا يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەش قارارىغا كەلدى. 7 - ئايدا چىڭخۇا داشۆ ۋە بېيجىڭ داشۆ بىلەن ئىككى تۈردە توختام تۈزۈشتى. ئۇنىڭ بىر تۈرى دۆلەت سىرتىدىمۇ قوللاشقا سازاۋەر بولۇپ، 500 مىڭ يۈەن ئامېرىكا دوللىرلىق پەن - تېخنىكا خېيىم - خەتەر مەبلىغىگە ئېرىشتى. ليۇ جۇننىڭ نەزەر دائىرىسى ئەمدىلا ئېچىلغاندەك ۋە

www.uyghurkitap.com



كارخانچىلىقنى تېخى ئەمدىلا باشلىغاندەك بولدى.

لىۋ جۇن ئۆزىنى ئىگىلىك تىكلەشكە تۈرتكە بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— . . . ئەگەر، بۇرۇنقى ئوغۇل دوستۇم ۋە گۇ جۇن بولمىغان بولسا، مەن بۇ ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرماس ئىدىم. مۇبادا، مەندە ئىگىلىك تىكلەش روھى ۋە ئىگىلىك يارىتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بار دېيىلسە، مېنىڭچە ئۇ بار بولسىمۇ ناھايىتى يوشۇرۇن ھالەتتىلا مەۋجۇت ئىدى. دەسلىپىدە ئۇ مەندە ئاڭلىق ۋە ئۆزلۈكىمدىن جارى قىلدۇرۇلمىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىق ھەرىكەت شەكلىنى ئېلىشى، گۇ جۇن مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىش بولسا كېرەك. ھېچقانداق بىر يار - يۆلەكسىز ئەھۋالدا قالغاندىلا ئاندىن ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار تولۇق جارى قىلىنىدىكەن. . . پۇل ئەزەلدىنلا دۇنيادىكى ھەممە دېگەنلىك ئەمەس، پۇلنى مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە توختىتىپ قويۇشقا بولىدۇ، كەسىپنى توختىتىپ قويغىلى بولمايدۇ، مېنىڭ كارخانا بىلەن شۇغۇللىنىشىم ھەرگىز پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، كارخانا دېگەنلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش دېگەنلىك. . . كەسىپ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ يەنە مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدىمۇ توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— مېنىڭ شەخسىي قارىشىمچە، مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ مەنىسى مەنىۋى تۇرمۇشۇم، مەنىۋى دۇنيايىم، ئۇ مەن تايانغان ئاشۇ مەنىۋى «قورغان». ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئۆزگىرىدۇ. . . بىراق مېنىڭچە، ئەمدى مېنىڭ بۇ كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقىم، بۇ كەسىپكە بولغان ئىزلىنىشىم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۆزىمىزگە يۆتكەيلى، بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىزچۇ؟ ئۇلاردىن قانچىلىكى ئىگىلىك تىكلىدى، دۇنيانى چۈشەندى؟ ئۆز قىممىتىنى ئۆلچەپ باققانلىرى قانچىلىك؟ بىر ئۇيغۇرلاردا قىزلار ئىشسىز قالسىلا يامان يولغا مېڭىشقا ئاران تۇرىدۇ، يالغۇز قىزلارلا ئەمەس، ئوغۇللارمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىرى بەكمۇ ئاز. ئەجەبا، باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ستۇدېنتلىرى قىلغان ئىشلارنى بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز قىلالامدۇ؟ قىزلىرىمىز ئەمەس، ئوغۇللىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرىچىلىك ئىش قىلالماسمۇ؟ . . .

## چەت ئەللەردە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەش ئومۇمىي ئەھۋال، بىراق بىزدىچۇ؟

يېقىندا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى زىيارەت قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇل تېپىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ھەققىدە سۆزلەتكۈزگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ماركسىزم كافېدراسىنىڭ مۇدىرى ئابلىكىم ھەسەن ئەپەندىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە پۇل تېپىشىنى قوللاپ پىكىر بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا ئاتا - ئانىلىرىغا يۆلىنىۋېلىش كېسىلى ئېغىر. بۇنى پەقەت جەمئىيەتتىكى ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئەمەلىيەت جەريانىدا پىششىقلايدىغان ياخشى، ساغلام ئۇسۇللاردا پۇل تاپسا بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بوش ۋاقىتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قىلىدىغان ئىش تاپالماي ھاراق ئىچىش، مۇھەببەتلىشىشتەك ناچار قىلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. چەت ئەللەردە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەش ئومۇمىي ئەھۋال، بىراق، بىزدىچۇ؟ بىزدىلا ئوقۇغۇچىلىق جەمئىيەتتىن ئايرىپ چۈشىنىلىدۇ. پۇل تېپىش، ئەمەلىيەتتە يول، ئەقىل تېپىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئىقتىسادى ئارقىدا، تەرەققىي قىلمىغان. شىنجاڭدا چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىدەك كەڭ بازار، شارائىت تېخى مۇكەممەل شەكىللەنمىگەن. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزدىمۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلار يارالدى. نۇرغۇن كەسىپلەر بارغانسېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مىكرولىشىۋاتىدۇ. بۇلار ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىملارغا موھتاج بولۇۋاتىدۇ. ئېچىلمىغان تۇرلەر ۋە مەھسۇلاتلار، كەسىپلەر غايەت زور ئەۋزەللىك سۈپىتىدە ستۇدېنتلارنى كۈتمەكتە. شىركەتلەر چەت ئەل تىلى تەرجىمانلىرىغا، قانۇن مەسلىھەتچىلىرىگە، تەدبىرچىلەرگە، ئىقتىدارلىق كەسپىي باشقۇرغۇچىلارغا، كەسپىي بازار ئاچقۇچىلارغا، كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىلىرىغا ئېھتىياج بولسا، ئائىلىلەر ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىغا موھتاج بولماقتا.

نەچچە ئاي بۇرۇن مەن «غەربىي شىمال» ئاپتوبۇس بېكىتى يېنىدا 3 - 4 خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ بىر ئۇستەلگە ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى مۇلازىمىتى دېگەن خەت ساڭگىلىغان ئېلاننى قويۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىرقانچە كىشى باھا ۋە دەرس سائىتى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

- سىلەر قايسى مەكتەپنىڭ؟ - قىزىقىپ سورىدىم.

- بىز پېداگوگىكا ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.

- ھازىرغىچە قانچە كىشى سىلەرنى تەكلىپ قىلدى؟

- سىنىپىمىزدىكى 30 نەچچە ئوقۇغۇچىدىن پەقەت نەچچىسىلا قالدى، كەچ بولغۇچە ئۇلارنىمۇ تەكلىپ قىلىدىغان ئائىلە ھامان چىقىدۇ.

بۇ كۆرۈنۈش مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھازىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلمىغان، ياكى ئۆزى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتى خەنزۇ مەكتەپلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلمامدۇ؟ ئۇلارغا يول يوقمۇ؟ ئۇيغۇر ئائىلىرىدە پەرزەنتنى تەربىيىلەشكە كۈچ چىقارماسلىق مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ بارماقتا. يېقىندا بىرقانچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار كەچلىرى ۋە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۇلار ئارقىلىق ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپتۇ، يەنە بەزى ئائىلىلەر ئۇلار ئارقىلىق ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئالاقىلىشىۋېتىپتۇ. ئېنىقكى، بىزنىڭ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىز تېخى رىقابەت، ئىقتىدار جېڭىگە ئاتلىنالمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى يېڭىنىمە روھ بىلەن ئالىي مەكتەپنى قورغانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىرى ئەنئەنىۋى قاراش تۈپەيلى ئېڭىرقاپ يۈرۈۋاتىدۇ. شۇنداق، بىزنىڭ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىز شەنبە، يەكشەنبىدە نېمە قىلىشنى بىلمەيدۇ.

90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش، ياتاق پۇلى ھەسسىلەپ ئاشتى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمى كۈنسايىن ئېغىرلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار ھەر يىللىق 3 - 4 مىڭ يۈەندىن سىرت، يەنە ئايدا نەچچە يۈز يۈەن ئەۋەتمىسە بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىدىن ئىبارەت بۇ يۆلەنچۈككە شۇنچىلىك ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى خەت - چەك بۆلۈمىگە ئۈمىد بىلەن قاتراشتا ئۆتىدۇ. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇلى ئايغا ئۇلاشمايلا دەرد - ئەلەم خەتلىرى ئاتا - ئانىغا يېتىپ بارىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىكى بەدخەجلىك چېكىگە يېتىشكە باشلىدى. ئەنئەنىۋى تۇس ئالغان يۇرتلۇقلار ئولتۇرۇشى يىلدىن - يىلغا، ھەپتىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھاراق، ئويۇن، كۆلكە ئۈچۈن ھەسسىلەپ پۇل خەجلەپ، ئۆزى ئۈچۈن بالا - قازا سېتىۋالدى. مەكتەپلەردە قەرت ئويناش، مۇھەببەتلىشىش، مەكتەپمۇ مەكتەپ قاتراش ئەۋج ئالدى. يېقىندا جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك كىيىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىققان. تەكشۈرۈشتە، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك كىيىش ئەھۋالى مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. بۇ ئەھۋال كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ. ئەجەبا، بىز شۇنچىلىك بايمۇ؟ جاپاكەش ئاتا - ئانىمىز بىز ئۈچۈن يەنە نېمە قىلسۇن؟ ئادەم ئۆز قىممىتىنى تونۇشنى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل ۋە ئىجاد ئامىللىرىدىن ھېس قىلىشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى قېزىپ، قىممەتكە ئايلاندۇرۇشى لازىم. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ستۇدېنتلار ئۆز قىممىتىگە سوئال قويۇشنى بىلمىسە، ئېنىقكى، ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىنكى رېئاللىق ئۇلارنى شەپقەتسىزلەرچە يىغلىتىدۇ. چۈنكى بۇ قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىي رېئاللىق.

كارنېگ شۇنداق ئېيتقان: «ئېرىشىشىمىزگە تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە سىلىشتۇرغاندا بىز پەقەت يېرىم ئويغاقمىز، ئادەتتىكى كىشىلەر پەقەت ئۆزىدىكى ئىقتىدارنىڭ ئوندىن بىرىنى جارى قىلدۇردى ۋە پايدىلاندى».

## ئۇ چەت ئەل تىلىغا تايىنىپ ئىش تاپتى

ئۇ شۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەتتە ئالىي مەكتەپكە كەلدى. ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتى تېخىمۇ مۇشكۇلچىلىككە دۇچ كەلدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ساۋاقداشلىرى يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ شەھەر ئايلىنىشقا چىقسا، ئۇ سىنىپتا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئازغىنا ھەق ئۈچۈن خەت كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە دۇچ كەلگەن يەنە بىر قىيىن ئۆتكەل خەنزۇ تىلى بولدى، ئەمما ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشتى، ئۆگەندى، ئۇزۇن ئۆتمەي خېلى ئوبدانلا ئاساسقا ئىگە بولدى. كېيىن بەزى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تەرجىمە قىلىدىغان بەزى ماقالىلەرنى تېپىپ كېلىپ تەرجىمە قىلدى. بۇ يول بىلەن ئاز - تولا ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان يىللىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر تېخىمۇ قاش تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى يۇقىرى يىللىقتىكى كەسىپداشلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىگە يارىشا خىزمەت ئورنى تاپالماي، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈشتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇمۇ شۇ قىسمەتكە دۇچ كېلەرمۇ؟ ئۇ كۆپ ئويلاندى، گاڭگىرىدى، ئوقۇشتىنمۇ كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى. دەرۋەقە، جەمئىيەتتە ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، خىزمەت ئىشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان بىرەر ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىش، ئارقا تېرىكى بولمىغان ئادەم كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىقنى قانداقمۇ بىخارامان قوبۇل قىلالىسۇن؟ دەل شۇ كۈنلەردە چەت ئەلدىن كەلگەن بىر پارچە خەت ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتتى. خەت ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن ساۋاقدىشىدىن كەلگەنىدى. ئۇ خېتىدە دەسلىپىدىلا ئۆز يۇرتىدا تىجارەت قىلىپ پۇل تاپقانلىقى، ھازىر چەت ئەلدە بىر تەرەپتىن سودا قىلغاچ بىر تەرەپتىن تىل ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنتىزىم ئوقۇش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى يازغانىدى. كەچتە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن ساۋاقدىشىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە چەت ئەلدە تىل

ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بىردە بۇنىڭغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، بىردە بۇ ساۋاقداشقا خىرە - شىرە ھەسەت تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. دېمىسىمۇ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇپ كەلگۈسىدىكى ۋەھىمىلىك تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئۆزىگە نىسبەتەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بىر ساۋاقدىشىنىڭ چەت ئەللەردە ئوقۇپ يۈرۈشى ناھايىتى ئازابلىق بىر سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىناتتى. ئاخشىمى سىنىپ ۋە ياتاقتا توك ئۆچۈرۈلسە، ئۇ شام يېقىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئارىدىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇ ئىنگلىز تىلىدىن خېلىلا پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى. ئۇ ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە يازالايدىغان، ئۇنى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلالايدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىر شىركەتنىڭ كەسپىي ئىشلارغا دائىر دىرېكتورى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. دىرېكتور ئۇنىڭ ئۈچ خىل تىلدا تەرجىمانلىق قىلالايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى خېلى يۇقىرى ھەق بىلەن ئوقۇشتىن سىرتقى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن تەرجىمانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. شىركەت مەسئۇللىرى ئۇنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھايىتى يوقىرى مائاش كاپالىتى بىلەن شىركەتكە كېلىپ رەسمىي توختام بىلەن ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش تەقسىماتىنى رەت قىلىپ شىركەتتىكى غوللۇق شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مائاشى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ساۋاقداشلىرىنىڭ مائاشىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولغانىنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە قېتىم چەت ئەللەرگە چىقىپ ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.


بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز ئارىسىدىمۇ مانا شۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىماتىغىلا قاراشلىق بولۇپ قالمىغان، ئۆزى تەقسىمات ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ستۇدېنتلار يوق ئەمەس، ئەمما بۇنداق ئىقتىدار ئىگىلىرى بەكمۇ ئاز. بۇندىن كېيىنكى يۈزلىنىش، چوقۇم مۇشۇنداق ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە ستۇدېنتلار قوشۇنىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

* *

بىز 21 - ئەسىر بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق. ئەمدى بىز ئىنقىلاب قىلماساق، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز ھازىردىن باشلاپ بىلىم ئىگىلىكى ئىنقىلابىغا ماسلاشمىساق، بۇ ئىنقىلاب بىزنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن غەرق قىلىپ تاشلايدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىرى. ئۇلار دەۋرنىڭ ئارقىدا قېلىش ئەمەس، ئالدىدا مېڭىشى، ئەڭ بولمىغاندا دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىشى كېرەك. سەن بۈگۈننى تۇتساڭ قاناتقا، ئەتىنى تۇتساڭ ئاسمانغا ئېرىشكەن بولىسەن. 21 - ئەسىرنىڭ سانسىز يوللىرى ستۇدېنتلىرىمىز، بىلىملىك كىشىلىرىمىزنىڭ قەدىمى ئاستىدىن يارىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# كۆڭۈلدىكى مەخپىي خاتىرىلەر

## «سۆيگۈ قامۇسىنى ماڭا بەر»[1]

**يۇلتۇز**

سىنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە. ماڭا قارشى تۇرىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولما. يوللىرىمغا توساقلارنى قۇرۇپ يۈرمە. مېنىڭ سۆيگۈ دېڭىزىم ئاللىبۇرۇن سىنىڭ سۆيگۈ ئوكيانلىرىڭغا قوشۇلۇپ بىر - بىرىدىن ئايرىۋالغۇسىز تەرىزدە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ خاسىيەتلىك دەقىقىلەردىن تارتىپ ماكان - زامان ۋە ئادەملەر مېنىڭ قەلبىمگە قايسى يىگىتنى سۆيۈش ۋە

① بۇ ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلغان.

قانداق سۆيۈشنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت سۈپىتىدە سۆيگۈ ھەقىقىتىنىڭ تامغىسىنى مۆھۈر قىلىپ بېسىۋەتكەن.

مەن ھايات قايناملىرىدا ئادەملەر دېڭىزىدىن خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك سېنى ئىزدەيتتىم، كېچە - كېچىلەپ يۇلتۇزلاردىن سېنى سورايتتىم. ئاخىر سېنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى قەلبىمدىكى ناتونۇش، يوچۇن يۇلتۇز ئىكەنلىكىڭنى سەزدىم.

سەن كىم؟ قايسى ماكاندا ۋە قايسى زاماندا ياشايسەن، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

ئىزدەيتتىم، ئىزدەيتتىم، پەسىللەردىن سېنى سورايتتىم. قېرىشقاندەك سېنى زىنھار تاپالمايتتىم، قەلبىم چىدىغۇسىز ئازابلارغا تولاتتى.

ھاياتىمنىڭ بەشىنچى پەسلىدە كىملەردۇر قەلب دېرىزەمنى چېكىشتى. ئەپسۇس، ئۇ يەنىلا سەن ئەمەس ئىدىڭ. شۇڭا سەن بۇ دۇنيادا، مۇشۇ رېئال ھايات قوينىدا مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ھالبۇكى، يۈرىكىمنىڭ رامكىسىغا مۇقەددەس ئوبرازىڭ سىزىلغان بولۇپ، ئۇ مېنى ئارامىدا قويماي داۋاملىق ئىزدەشكە ئۈندەيتتى. مەن ئازاب ئىلكىدە پۇچۇلىناتتىم.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۆجىزە يۈز بەردى. سەن كۆز ئالدىمدا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمە-دىكىدىنمۇ نۇرانە قىياپەت بىلەن پەيدا بولدۇڭ. سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ ماڭا چەكسىز خۇشاللىقلارنى بەخش ئەتتى. شۇغىنىسى، سەن مېنىڭ سۆيگۈم ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىڭ. مەن سۆيگۈ بابىدا مىسالى بىر سەرسان تىلەمچى ئىدىم، سېنىڭ ماڭا سۆيگۈ بېرىشىڭنى تىلەيتتىم، سەن بولساڭ بۇ تىلەمچىنىڭ دەرۋازاڭدىن كىرىۋېلىشىغا يول قويمايتتىڭ. ئەسەبىي سۆيگۈ ئادەمنى غەلىتە، سەۋدايىدەك قىلىپ قويىدىكەن. مەن قىزىلىق ئار - نومۇسىنىمۇ قايرىپ قويۇپ بارلىق جۈرئىتىم بىلەن بۇ دەرۋازىنى توختىماي چېكەتتىم. سەن دەرۋازاڭنى مەندىن قاچۇرۇپلا تاقىۋالماق بولاتتىڭ. ئەي يىگىت، مېنى ئارقىڭغا ياندۇرمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما.

سېنى ئۇچراتقان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەس بولۇپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنى خۇددى رىۋايەتتىكى ھۆر - پەرىلەردەك سېزىپ يوللىرىڭنى كېزەتتىم.

مېنىڭ ھاياتىم، ھۆرمەت، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، غايە، ئېتىقاد، ھەممە - ھەممىسى مېنىڭ ئاشۇ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىمگە سىڭىپ كەتكەنىدى. سەن قەلبىمدىكى بىردىنبىر ھۆكۈمان، شاھەنشاھ ئوبراز ئىدىڭ.

سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆلۈم ھېسابلايمەن. چۈنكى سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن ئەقلىمنى يوقىتىپ، راستىنلا بىر سەۋدايىغا ياكى بىر تىلەمچىگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. ھەر كۈنى مۇبارەك ھۇجراڭغا سۆيگۈ تىلەپ بارىمەن، سەن ماڭا ئىللىق تەبەسسۇم ئاتا قىلساڭمۇ قەلب دەرۋازاڭ ھېلىھەم مەھكەم تاقالغان.

قەلبىڭدە باشقا بىر دۇنيا. ئۇ بولسىمۇ دات باسقان ئەقلىدىن پۈتكەن غايە دۇنياسى. بارلىقىڭ ئاشۇ غايە ئۈچۈن ئاتالغان، سەن ئاڭا بولغان چەكسىز تەلپۈنۈش تۈپەيلى مېنىڭ ساڭا بولغان چىن ئېتىقادىمنى چۈشىنىش ئىقتىداردىن مەھرۇم بولغان.

مەن سېنى - سۆيگۈ ئالدىدا ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغان سەندەك بىر يىگىتنى ئۇنتۇش، قەلبىمدىن سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزۈم بىلەن شەپقەتسىزلەرچە ئېلىشىمەن. ساڭا بولغان سۆيگۈم سېنىڭدىن ئايرىلىشنى ئىزدەۋاتقان يەنە بىر ئۆزۈم ئۈستىدىن ھامان غالىب كېلىدۇ. ھېسسىياتىم داۋاملىق ئەقلىمنى شەيتاندەك ئېزىقتۇرۇپ تۇرىدۇ.

مەن سېنى قەلب كۆزۈم، روھىي كومپاسلىرىم ئارقىلىق ئىزدىگەنىدىم، بىراق سەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنىڭ شاھىغا ئايلىنىپ ھەر ۋاقىت مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى قاتتىق كونترول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىنغۇالغانىدىڭ.

مەن ساڭا ئۆمۈر بويى غايىبانە تەلپۈنۈپ ئاشىق بىقارار بولغىنىم ئۈچۈن ساڭا تەشنا، ساڭا زار ئىدىم. سەن ئۆز غايەڭ يولىدا مېنىڭ توسالغۇ، ھەتتا يۈك بولۇپ قېلىشىمدىن قورقۇپ ھامان مېنى قەسرىڭدىن قوغلايتتىڭ.

قانلىرىم قۇتراپ، غالجىرلىقىم تۇتقانسېرى ساڭا ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى بىر ئىبلىس، ماڭا چىرمىشىۋالغان، مەن قۇتۇلۇشنى شۇنچە ئويلىساممۇ قۇتۇلۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقان بىر ئىبلىس قاتاردا دەھشەت ئۆچ بولۇپ كېتەتتىم. بىراق بۇلار يەنىلا سېنى سۆيۈش تۇيغۇمنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ باراتتى. مەن چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە سېنىڭ ئىشقىڭ ئۈچۈن غالىبلارچە قەدەم تاشلايتتىم.

بۇ دۇنيا تولىمۇ گۈزەل. ئۇنىڭدا يۇلتۇز كەبى بىھېساب ئادەملەر خۇددى قۇياش بىلەن ئاي، ئاسمان بىلەن زېمىن ۋە باشقا ئانا تەبىئەت قوينىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ جۇپسىز، تاق ياراتمىغىنىدەك جۈپ - جۈپى بىلەن بەخت دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ ياشىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بىزگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىشىدۇ. ئۇ كىشىلەرلا ئەمەس، ھەتتا پاك ئانا تەبىئەت، بارلىق تاشقى دۇنيانىڭ ھەممىسى بىز بىلەن ئەتەي قېرىشقاندەك بىزگە، بىزنىڭ سۆيگۈمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭغا ھەيرانمەن، مەن نېمە دەپ داۋاملىق باشقىلارنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپلا ياشايدىغاندىمەن؟

مەن توسقۇنلۇقلارنى بۆسۈپ تاشلاش ئۈچۈن غالجىرلىشىمەن. ئىلاھتىن سېنىمۇ مەن ئۈچۈن غالجىرلاشسىكەن دەپ تىلەيمەن.

ئەپسۇس، سەن پەقەت غايەڭ ئۈچۈنلا غالجىرلاشقان ماشىنا ئادەمسەن. مەن مۇھەببەت ئالەمىدە سېنى شۇنچە مۇقەددەس بىلسەم، سەن مېنى ئاشۇ ئەرزىمەس غايەڭ ئالدىدا خەسچىلىك كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايسەن. ئېيتقىنا، چىن مۇھەببەت نېمىشقا كىشى ئۈچۈن مەڭگۈ تەلپۈنىدىغان بۈيۈك غايە بولالمىغۇدەك؟! سېنىڭ سۆيگۈ قامۇسىڭغا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقى ماڭا ئايدىڭ ئەمەس.

قامۇسىڭنى ماڭا بەر! ماڭا قۇرۇق باھانە كۆرسىتىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما. سەن مېنىڭ جىسمىمنىڭ ھۆكۈمرانى، سەن مېنىڭ روھىمنىڭ ھۆكۈمرانى. بۇ دۇنيادا ھېچنەرسە سېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى باسالمايدۇ.

مېنىڭ بارلىق كەچمىشىم، مېنىڭ بارلىق ئۆتمۈشۈم سېنى ئىزدەش يولۇمدىكى شاھىددۇر.

كۆز ياشلىرىمنى بارماقلىرىڭ بىلەن ئاستاغىنە سۈرتۈۋەت، قەلب دەرۋازاڭنى مەن ئۈچۈن كەڭ ئېچىۋەت!

تەنھالىقىم دادىل قەدەملەر بىلەن تەنھالىقىڭغا قوشۇلۇپ كەتسۇن، مۇھەببەت قامۇسىڭنى ماڭا سوۋغا قىل. سۆيگۈ ئالىمىڭدە مەلىكەڭ بولۇپ سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشمگە ئىجازەت قىل.

ئاخىرقى تىنىقلىرىمنى ئاستا پۈرىۋال. كۆزلىرىمنى كۆزلىرىڭگە سۈرتۈۋال. مېنىڭ رەزىللىك، پەسكەشلىك، شەرمەندىلىك بىلەن ئۆتكەن شۇ ئۆتمۈشلىرىمنى، مېنىڭ بارلىق ئەسلىرىمنى دوزىخىڭدا بىر يولى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەت! جەننىتىڭدىن جەننىتىڭگە ئورۇن بەر!

يىگىتىم، سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ مېنىڭ ئۆلۈمىم . قەلب دەرۋازاڭنى مەن ئۈچۈن ئاستاغىنە ئېچىۋەت. سۆيگۈ شەربىتىڭدە يۈرىكىمدىكى ئازاب جاراھەتلىرىنى يۇيۇپ پاكلىۋەت، مېنىڭ چەكسىز ئىنتىلىشلىرىم سېنىڭ روھىڭغا قوشۇلۇپ، سېنىڭ غايەڭ شەكلىدە يېڭى ھاياتنى باشلىسۇن!

قېنى، كەل، سۆيگۈ قامۇسىڭنى ماڭا بەر!

1998 - يىل 11 - نويابىر، ئۈرۈمچى.

# ئائىلە، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش سۈرەتلىرى

مىرزا قادىر

مۇھەررىردىن: ئائىلە، مۇھەببەت، تۇرمۇش ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ ھاياتىدا، ئۇنىڭ مەلۇم كەسىپ ياكى مەلۇم ساھەدە نەتىجە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. ئۆز نۆۋىتىدە بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ مۇھەببەت، ئائىلىگە بولغان قارىشىنىڭ قانداقلىقى، شۇ مىللەت ياكى دۆلەت ساپاسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلدۈرىدىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ، كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىراق بۇ شۇ قەدەر سىرلىق مەسىلىكى، دۇنيادىكى پۈتكۈل سىرلار تامام يېشىلىپ تۈگىسىمۇ ئائىلە، مۇھەببەت، تۇرمۇش سىرلىرى مەڭگۈلۈك بىر سىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ھالبۇكى، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئائىلە، مۇھەببەت، نىكاھ دېگەنلەر ئۇنچىۋالا سىرلىقمۇ ئەمەس، مەسىلە سىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە ۋە قانداق چۈشەنچىدە مۇئامىلە قىلغانلىقىڭىزدا. ئەگەر سىز تۇرمۇشنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئۆيدە ئۆمۈرلۈك ياشايدىغان جورىڭىزغا ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەت بېرەلىسىڭىز، بۇ ئائىلە سىزنىڭ پۈتىڭىزغا پۇت، قولىڭىزغا قول بولىدىغان، سىزنىڭ ئىشتىن چارچىغاندا ئەسلى تەبىئىتىڭىزگە قايتىپ بەھۇزۇر ئارام ئالىدىغان ئارامگاھىڭىزغا، كىچىك دائىرىلىك ئەمما ھەقىقىي، رېئال بىر جەننىتىڭىزگە ئايلىنىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئائىلە سىز ئۈچۈن ئەتىدىن - كەچكىچە زېرىكمەستىن خەلقى - ئالەم ئالدىدا نومۇسنىمۇ قايرىپ قويۇپ تىغمۇ تىغ تۇتىشىدىغان، تىغمۇ تىغ ئېلىشىدىغان جەڭگاھقا ئايلىنىدۇ. . . سىز زادى قايسىسىنى تاللايسىز، بۇ تامامەن ئۆزىڭىزگە باغلىق.

بىز ئۆز تۇرمۇشىنى كۆڭۈلدىكىدەك مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان ھەر بىر ئائىلە كىشىلىرىنى، ھەر بىر ياشلارنى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە مەلۇم تەجرىبە - ساۋاق ۋە ئىلمىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ ئائىلە، مۇھەببەت، تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا مىكرو چاتما ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق. بۇ چاتما ئەدەبىي ئاخبارات مارافونچە يۈگۈرۈش شەكلىدە كوللېكتىپ يېزىلىدۇ. كىم، قايسى شەكىلدە ۋە كىمنى يېزىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سەھىپىنىڭ ئاكتىپ ئاپتورى بولالايدۇ. شۇڭا ئەتراپىڭىزدىكى ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىڭىزنى، ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا ھېس قىلىپ يەتكەن ھەقىقەتلەرنى مەلۇم دېتاللار ئارقىلىق يېزىپ - رەتلەپ ئەۋەتسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ھەرقانداق كەسىپ، ھەرقانداق ياشتىكى ۋە ھەرقانداق جىنستىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان مارافونچە ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز.

## رومانتىك ئەرلەرنى كىم چۈشىنىدۇ؟

1

ئۇ، يىگىرمە تۆتلەردىكى يىگىت بولۇپ، توي قىلغىنىغا تېخى ئەمدىلا بىر يىلچە بولغانىدى. ئۇلار تۆت يىل يۈرۈپ ئاندىن توي قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يىگىت ئالىي

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككىنچى يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ شەھەردە ئاددىي ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان بۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ھەمدە يۈرۈش جەريانىدا قىز يىگىتنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا ياردەم بەرگەن، ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولغانىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇلار توي قىلىپمۇ خۇددى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەندىكىدەك ياخشى ئۆتەتتى. شۇغىنىسى، ئايالىنىڭ بويى بەكلا پاكار، ۋىجىك، چىرايىنىڭ ئۇنچىۋالا چىرايلىق بولماسلىقى سەۋەبىدىنمۇ ياكى ئېرىنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ كۈندەشلىكى زىيادە كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلار بەزىدە سەن - پەن دېيىشىپ قېلىشتىنمۇ خالىي بولالمايتتى.

ئايالى بىرنى يەڭگەندىن ئېتىبارەن ئەرنىڭ نەزەرىدە ئايالىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى: ئۇ، ئۆزىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئېرىگە ئەمەس، بالىسىغىلا قاراتقاندەك ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتى سۇسلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەر بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئايالىنىڭ ئۆزىنى قىزغىن، ئەسەبىيلەرچە چوڭقۇر سۆيۈشىگە تەشنا ئىدى. ئۇ، بۇ ئايالنىمۇ ھېسسىياتچان، دەل مېنىڭ كۈتكەن نەرسىلىرىمـنى بېرەلەيدۇ، دەپلا ئالغانىدى. ھالبۇكى، ئەمدى بۇنداق ھېسسىياتتىن سۆز ئېچىش تەس بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چوڭقۇر سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىستىكى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەندىلا بولۇپ، توي قىلىپ بولغاندا بولماسلىقى كېرەكمۇ؟! . . . بىزنىڭ كۈندىن كۈنگە يىراقلىشىپ كېتىشىمىزنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدە؟ . . . ئېرى بۇلارنى تولاراق بالىدىن كۆرەتتى، ئەگەر بالا تۇغۇلمىغان بولسا، ئايالىنىڭ ھېسسىياتى بۆلۈنۈپ سۇسلىشىپ كەتمىگەنمۇ بولار ئىدى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۇ تولا قىرقىراپ يىغلاپ مېڭىسىنى ئاغرىتىۋېتىدىغان بالىسىنى ئۇخلاپ ياتقاندا گېلىدىن بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. تۇرۇپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. «قاراپ تۇرۇپ ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان پەرىشتىدەك پاك، گۇناھسىز بىر بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدىمەن؟! مەن نېمانچە قارا كۆڭۈل، نېمانچە قورقۇنچلۇق، نېمانچە يىرگىنىشلىك ئەر - ھە! بۇنداق قىلىدىغان بولسام، مېنى خۇدامۇ، كىشىلەرمۇ كەچۈرمەيدۇ، ئۆزۈمنى ئۆزۈممۇ كەچۈرمەيمەن، قانۇنمۇ كەچۈرمەيدۇ» . . .

ئېرى ئەسلىدە شېئىر يازمىسىمۇ ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇغاچقىمۇ شائىرلارچە تۇيغۇغا، شائىرلارچە ھېسسىياتقا باي ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇندىن مەست ھالدا قايتىپ كەلدى. ئايالى «يەنە ئىچىپسىز» دەپ قېيىدىدى. «چاتىقى نېمە، ئەرلەرنىڭ ئىشىغا شۇنچىۋالامۇ چات كىرىۋالغان بارمۇ؟» ئەرنىڭ كاللىسىدىن بۇ تەرىپى زادىلا ئۆتمىدى. ئادەم مەست بولۇپ قالغاندا كۆڭلى ھەددىدىن زىيادە نازۇكلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش قىزىپ قالغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى. ئۇ، ئۇشۇق - تۈشۈك گەپمۇ قىلماستىن يەنە بىر ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، ئايالى بالا بىلەن نېرىقى ئۆيدە يېتىپ قالدى. ئۇ، بۇنداق چاغلاردا خوتۇنىغا يالۋۇرۇشنى، ئۇنىڭغا باش ئېگىشنى خالىمايتتى، بوينى بەك قاتتىق بولۇپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھەر خىل قىز - ئاياللار كېلىۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇيدىغانلىرىمۇ، تونۇمايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى قىزلارنىڭ ئوبرازى بىلەنلا لىق تولۇپ كەتكەن بولۇپ، زىيادە تولۇپ كەتكەچكە مېڭىسىگە پاتماي ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئاستا - ئاستا بارلىق قىزلار يوقاپ، ئەڭ سەتەڭ، ئەڭ نازىنىن بىرىلا قالدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇرلىرىدىن تەلمۈرۈپ يۈرگەن، تېخى ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بىر قىز ئىدى. ئەمما ئۇ، بۇ قىزنىڭ زادى كىملىكىنى بىلمەيتتى. كېيىن بۇ قىزمۇ ئۇنىڭ نىگاھىدىن ئۆچتى، بەلكى ئۇنى تاشلاپ

ئاللىقانداق يىراقلارغا كەتتى.

ئۇ ئىغىر خۇرسىنىپ قەغەز - قەلەملىرىنى ئالدى. ئۇ، شۇ مىنۇتتا كىمگىدۇر بىرنىگە خەت يېزىشى كېرەكتەك، شۇ خەتنى يازمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلدى. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ بىر قىزغا، كۆڭلىدىكى بىر قىزغا سۆيگۈ مەكتۇبى يازغۇسىلا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل غەلىتە ئىستەكنى بېسىش ئۈچۈن ھەرقانچە زورۇقۇپ باققان بولسىمۇ، مۇشۇ سۆيگۈ مەكتۇبىنى بىر يېزىۋەتمىگۈچە بۈگۈن كېچە ئۇيقۇسى ھارام بولىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئاخىر خەتنى شۇنداق باشلىدى:

« سۆيۈملۈكۈم، ياخشىمۇ سىز؟ . . . »

ئىش قەغىزنىڭ بىرنەچچە بېتىنى چەكسىز ھاياجانلىق، ھېسسىياتلىق، لىرىك سۆزلەر بىلەن تولدۇردى. بىراق خېتىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەي بىرھازا ئويلىنىۋالاي، دەپ ياتقانچە ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئايالى ئېرىنىڭ قېشىغا كىرگەندە بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى ئۇنىڭ ئاخىرى چىقمىغان شۇ سۆيگۈ مەكتۇبى بولدى. ئايالى پۈتىنىڭ ئۇچىدا پەم بىلەن كېلىپ بۇ خەتنى ئاستا ئالدى - دە، نېرىقى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟ ! شۇنچە يىل ئۇنى چۈشىنىمەن دەپ ئىشىنىپ يۈرسەم، بۇ قارا كۆڭۈلنىڭ قىلغان ئىشى شۇمۇ؟ نېمانچە ۋاپاسىز جاھان بۇ - ھە! «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دەپ، راستكەن - دە! خەپ قېنى، مېنى كولدۇرلىتىپ ئالداپ يۈرگىنىگە، ماڭا شۇۋا ئىچكۈزگىنىگە بىر تويغۇزمايدىغان بولسام.

- ھەي - ھەي، تۇرە ئورنۇڭدىن، - دېدى ئايالى ئۇنى ئۇرۇشۇپ قالغاندىلا « سەن»لەش ئادىتى بويىچە سەنلەپ، قوپاللىق بىلەن بېشىنى گۇس - گۇس نوقۇغاچ.

- نېمە بولدۇڭ سارالاڭ، - بىر تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزغان ئايالىدىن نەچچە ۋاقتىن يىغلىپ قالغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشنى ئويلىغان ئېرى شۇنداق دېدى كۆزىنىمۇ ئاچماي يېتىپ.

- ھە، مەن سېنىڭ بۇزۇقلۇقىڭنى، رەسۋالىقىڭنى بىلمەي مۇشۇ كەمگىچە ئۆي تۇتۇپ يۈرگەچكە مەن دېگەن سارالاڭ، شۇنداق. . .

- نېمە - نېمە؟ - ئېرى قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك چاچراپ بېشىنى كۆتەردى، - ئەتىگەندە قاغا پوق يېمەستە نېمە ۋاتىلدايسەن ئادەمنى ئۇخلاتماي، يەنە چۈشۈڭ بۇزۇلغان ئوخشىمامدۇ؟

- چۈشۈم بۇزۇلارمىش تېخى! مەن سېنى تۇتۇۋالسامۇ يەنە ھېساب ئەمەسما؟ !

ئەر بىردىنلا ئاخشام كىمگىدۇر بىرىگە خەت يازغاندەك قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە قوللىرى بىلەن ھاراقنى جىق ئىچىۋېتىپ چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يېرىپ ئاچقاچ ئويلىدى: «خەتنى قولغا چۈشۈرۈۋاپتۇ - دە! نېمىشقىمۇ يوشۇرۇپ قويمىغان بولغىيتتىم؟ ئەمما ئۇ ھېچكىمگە يېزىلمىغان خەت تۇرسا، يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ »

ئېرى ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا ئايالىنىڭ بىمەنە ئىشىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

- نېمىگە كۈلىسەن، ئاشناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ شۇنداق سەت ھىجىيىپ بەرگىنە. . .

ئەر بۇ ھاقارەتكە چىدىماي راسا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز بىر تەستەك ئۇردى.

بۇنىڭ بىلەن ماجىرا تېخىمۇ ئۇلغايدى، ئايالى ئۆينى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ - جارقىرايتتى، ئېرى قولۇم - قوشنىلاردىن نومۇس قىلغانچە ئەكسىچە ئۇ بۇنى ئاجىزلىق دەپ بىلگەندەك ئىشىكنى داڭگىدە ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ۋارقىرايتتى.

- ھە، سەن شۇنداق نوچىكەنسەن، يەنە ئۇرە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قېنى، مەن سېنى يامان يولدىن توسقىنىم ئۈچۈن، سېنى بىلەكتىن تۇتۇۋالغىنىم ئۈچۈن يەنە مەن گۇناھكارما؟! پاسكىنا جالىپىڭ ساڭا شۇنداق قىل، خوتۇنۇڭ سەندىن ئوڭايلا زېرىكىدۇ، بىرنېمە دېسە ئۇر، دەپ ئۆگىتىپتىكەن -دە! ھەي، ماز... مەن سېنىڭ ئاشۇ جالىپىڭ ئۈچۈن تاياق يېدىمما، سەن مېنى شۇنىڭ گېپى بىلەن ئۇردۇڭما؟! - ئايالى كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلگۇدەك ئېزىلىپ يىغلايتتى.

- ھە، شۇنىڭغا ئۇردۇم، - دېدى ئەر ئۇنىڭ گېپىدىن ئىچى سىقىلىپ ئەتەي.

خوتۇنى چاچلىرىنى يۇڭداپ، ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان ئاتقىلى، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېتىپ چاققىلى تۇردى.

ئېرى بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى پۇرلاپ بېسىپ، ئۇرۇپ - تېپىۋاتقاندا، قولۇم - قوشنىلار كىرىپ ئاجرىتىۋالدى.

- يوقال، قانجۇق، بۇگۈنلا يوقال، ساڭا ئوخشاش ھارازۇلنى تالاق، مىڭ تالاق!... - دېدى ئەر ئاچچىق ئەلەم ۋە غەزەپتىن تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەي تىترەپ تۇرۇپ.

قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىدا ئايالىمۇ بوش كەلمىدى.

- قاراڭلار بۇ پاسكىنىنى، ماڭا ئۇقتۇرماي ئاشنا ئويناپ يۈرگىنىنى تېخى! تەپ تارتماستىن مېنى ئادەم دەپ كۆزگە ئىلىپمۇ قويماستىن مۇشۇ ئۆيدە ئاخشامنىڭياقى ئاشنىسىغا خەت يېزىپتۇ. ئەمدى بىلدىم، نەچچە ۋاقتىن «ئۇ يەردىن بىر ئاپتور كەپتۇ، بۇ يەردىن بىر ئاپتور كەپتۇ» دېسە، خىزمەت بىلەن كېچىكىپ كەلدى دەپتىمەن، ئاشنىسىنىڭ ژىنىغا بىر قاچا يۈندا ئېلىپ بەرگىلى بېرىپتىكەن ئەمەسمۇ؟! ھى - ھى...

ئېرى بۇ خەتنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇنىڭغا ئايالى ئەمەس، ھەتتا قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ بىرىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى.

گەرچە ئۇلار بۇ قېتىم ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، كۈنسايىن ئەھۋالى يامانلىششقا باشلىدى.

ئايالى «مېنى كۆيدۈم - پىشتىم دەپ يۈرۈپ ئالداپ - سىلاپ يۈرۈپ ئېلىۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مېنى ئەمەس، نامرات ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشنى تۈگىتىۋالغىچىلىككىلا مېنىڭ پۇلۇمنى دەپ مەن بىلەن يۈرۈپتۇ، ئەمدىلىكتە چاندۇرۇپ قويدى» دەپ ھار ئالسا؛ ئېرى «مەن يا بىر بۇ دۇنيادا راست مەۋجۇت بولغان كونكرېت بىر قىزغا خەت يازمىسام، بۇ دېگەن ئوغۇل بالا ئۈچۈن خۇددى كلاسسىك، سوپىسىت شائىرلارنىڭ خۇدا ئىشقىدا شېئىر يازغىنىدەكلا نورمال بىر ئىش تۇرسا، شۇنچىلىك ئاددىي بىر ئىشنىمۇ توغرا چۈشىنەلمىسە، يا مېنىڭ سۆيگۈمنى بىلمىسە» دەپ ئاچچىقى كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىكى ھاڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ ئاخىر مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئۇلار بىر بالىنى، پەرىشتىدەك بىر چىرايلىق نارەسىدە بالىسىنى يېتىم قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ پاجىئەنى كىم كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ دەپ سورارسىز ئېھتىمال.

ئەمەلىيەتتە، پسىخىك نۇقتىدىن ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قارىغاندا، ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنى ھەرقانچە ياخشى كۆرۈشكەن تەقدىردىمۇ، بىر - بىرىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىگە سەل قارالسا، ياكى ھېسسىيات جەھەتتە تويۇندۇرۇلمىسا، مۇقەررەركى باشقا ئاللىقانداق بىر يات جىنسقا دەقىقىلىق بولسىمۇ تەلپۈنىدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ بۇزۇق خىياللارنى قىلغانلىقى، ياكى بۇزۇقلۇقىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بۇ خۇددى ئۆز ئايالى بىلەن كوچىدا كېتىۋاتقاندا، بىرەر

سەتەڭ قىز ئۇچراپ قالغاندا ئەرنىڭ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قويغىنىدەكلا ئاددىي بىر ئىش. ئۇنىڭ باشقا بىر قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھىرلىنىشى خۇددى گۈل - گىياھلارنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلەنگەندەك غەرەزسىز بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ چاغدا ئايالىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقىدىن كېتىپ قالمايدۇ. ياكى شۇ قىز بىلەن بىرەر قېتىم بۇزۇقچىلىق قىلىش ئويىدىمۇ بولۇپ يۈرمەيدۇ. ئايالالار ئۆز ئەرلىرىدىكى بۇ خىل نازۇك رومانتىك تۇيغۇنى توغرا چۈشەنمىگەندە، تەبىئىيكى يۇقىرىقىدەك تراگېدىيە، يۇقىرىقىدەك ئېغىر پاجىئە كېلىپ چىقىشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ.

ھالبۇكى، بۇنداق رومانتىك ئەرلەرنى قېنى كىم چۈشىنىدۇ؟...

2

ئۇ خەنزۇ تىلى مەكتىپىدە ئوقۇپ چوڭ بولغان يىگىت ئىدى. داشۆدە ئوقۇغاندا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ قىز ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغاچ تەلەپ قويالماي يوشۇرۇن كۆيۈش بىلەنلا مەكتەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

بىر كۈنى ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ تويىدا قولداش بولۇپ قالدى. قىزىقى شۇكى، قىز قولدىشىنىڭمۇ يۈرگىتى يوق بولۇپ چىقتى. بۇنى ئۇلار تانسا ئويناۋېتىپلا ئوچۇق سۆزلىشىپ بىلگەنىدى. ئوغۇلمۇ، قىزمۇ بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ماس كەلگەنىدىكى، يىگىت گويا ساۋاقدىشىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تويى بولۇۋاتقاندەك، باشقىلارنىڭ دىققىتى، باشقىلارنىڭ كۆزى بۇ قىز بىلەن ئىككىسىگىلا مەركەزلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۆڭلىدە دۇنيادا ئۆزىگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر لايىقنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ قىزنىڭ مەكتىپىگە ئۆزى بارمىسىمۇ ھەر كۈنى بىر دەستە گۈل ئەۋەتىپ بېرىپ يۈردى. قىز دەسلەپ بۇ گۈللەردىن سۆيۈنگەن، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ باشقا خىزمەتداشلىرى ئوچۇقتىن - ئوچۇق «ئۇ يىگىت بەك سۆيئىيكەن» دەپ ئەيىبلەۋەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ راستتىنلا شۇنداقتەك ، نى - نى يىگىتلەرمۇ كەلتۈرەلمىگەن بۇ قىزنى ئۇ بىر تۇتام « ئوت - چۆپ » بىلەن كەلتۈرمەكچى بولغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ھالبۇكى، يىگىت بۇ قىزنىڭ ھالىنىڭ چوڭلۇقىنى، ئوڭايلىقچە باشقا يىگىتلەرگە ئۆزىنى تۇتقۇزمايدىغان تەرىپىنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلار گەرچە دوست بولۇپ ئۆتۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ ۋە ئوغۇل قىزغا تېخى تەلەپ قويمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان بولۇپ، بىر - بىرىنى ئۆمۈرلۈك جورا ئوبيېكتى دەپ بىلىشەتتى. تەلەپ قويۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنىمۇ قالمىغانىدى.

شۇ تەرىزدە ئاردىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، بۇ قىز يەنە بىر ئوغۇل بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ ئوغۇلنىڭ مىجەزى قوپال ئىدى. ئۇ، ھېلىقى يىگىتتەك ئۆزى كەلمىسىمۇ كۈندە گۈل تەقدىم قىلىپمۇ يۈرمەيتتى. ھەر نۆۋەت كۆرۈشسىلا ئۇدۇل تاماقخانىلارغا باشلاپ، بىر ۋاق ئاددىي غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلاتتى. قىز بۇ يىگىتنىڭ ئاددىي - ساددا، ئەمما رېئاللىنى تەرىپىنى دېھقانلارغا ئوخشاتسىمۇ، خىزمەتداشلىرى يەنىلا بۇ «تۈگمەن مىجەز» يىگىتنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى. قىز كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر بۇ يىگىتنى تاللىۋالدى.

ھېلىقى گۈل سوۋغا قىلىپ يۈرىدىغان يىگىت بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۇنىڭدىنلا ئەمەس، بۇ يەردىكى بارلىق قىزلاردىن يىرگىنىپ كەتتى. «بۇلار تېخى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان تۆۋەن سەۋىيىدە، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىچارە ھالەتتە ئىكەن، ئۇلارنىڭ مەنىۋى

www.uyghurkitap.com



دۇنياسىدىن قىلچە سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدىكەن» دەپ كۆپ ئۇمىدسىزلەندى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ يەنە بىر يىگىتكە قارىغاندا، بۇ قىزنى چوڭقۇر سۆيگەن ۋە بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن سەممىيلىك قىلغان ھەم دۇنيادا بۇ قىزنى پەقەت مەنلا ھەقىقىي بەختلىك قىلالايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئاقىۋەت نېمە بولدى، ئۇ ئېشىپ كەتكەن سۇنئىي دېيىلىپ شاللاپ تاشلىۋېتىلدى.

ئۇ يىگىت كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەرسىنى تاپالماي «قېرى يىگىت» قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ، بۇنداق مەنىۋى دۇنياسى پۇچەك قىزلار بىلەن توي قىلغاندىن قىلمىغان ياخشى، دەپ يۈرەتتى. ھالبۇكى، بۇنداق رومانتىك ئەرلەرنى قېنى كىم چۈشىنىدۇ؟ . . .

## ئېرىنى بىزار قىلغان ياۋاش خوتۇن

يېقىندا جەنۇبتىن بىر دوستۇم ئۈرۈمچىگە خىزمەت بىلەن كېلىپ، ئۆيۈمدە بىر كېچە قوندى. بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا ئىككى يىل بولغانىدى. پاراڭ ئارىلىقىدا گەپتىن - گەپ چىقىپ ئۇنىڭ توي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سوراپ قالدىم.

- نېمە دېسەم بولار، - دېدى ئۇ خىجىللىق ئىچىدە گەجگىسىنى قاشلاپ، - توي قىلىشنىغۇ قىلغان. . .

- ۋاي - ۋوي، شۇنىمۇ يوشۇرۇپ يۈرگىنەڭىز نېمىسى؟ بۇرۇن توي قىلمىغان دېگەنغۇ؟ - سورىدىم ھەيران بولۇپ. چۈنكى شۇ چاغقىچە مەن ئۇنى توي قىلمىدى، دەپ يۈرەتتىم. ئۇمۇ ئالدىنقى قېتىم يۈرتتا بىز كۆرۈشكەندە شۇنداقراق بىر گەپنى قىلغانىدى.

- بىراق، بىز ئالتە ئاي ئۆي تۇتۇپلا ئاجرىشىپ كەتتۇق.

مەن تېخىمۇ ھەيران قېلىپ ئىچكىرىلەپ سورىدىم.

- نېمە سەۋەبتىن شۇنچە تېز ئاجرىشىپ كەتتىڭلار؟

- ئۇغۇ بەك ياۋاشتى، شۇ. . . - دېدى ئۇ نېمىدۇر بىرنېمىدىن ئەپسىزلىك ھېس قىلىۋاتقاندەك كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ .

- ھە، شۇنچە ياۋاش، ياخشى خوتۇن نېمە بولدى؟ خوتۇن كىشى دېگەن ياۋاشراق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ.

- قويۇڭا، ئۇنداق ياۋاشلىق دېگەننى. خوتۇن كىشى دېگەن ئاتقا ئوخشاش نەرسىكەن، ئات بەك ياۋاش بوپ كەتسىمۇ ئات ئەمەس، ئېشەككە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنداق ئاتنى ھېچكىمنىڭ مىنگۈسى كەلمەيدۇ، ئات دېگەن چاپچىپ تۇرسا، ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمىسە، قانچە شاش، يامان بولسا شۇنچە چاپتۇرغىسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. ئۇ خوتۇنچۇ، شۇقەدەر ياۋاشكى، مىسال ئۈچۈن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، «مۇشۇ تۈكۈرۈكنى قورۇغىچە بىر يەرگە مىدىر - سىدىر قىلماي ساقلاپ تۇر» دەپ قويۇپ كېتىدىغان بولسام، يولدا بىرەر جىددىي ئىشقا تۇتۇلۇپ كېلەلمەي قالسامۇ، شۇ تۇرغان جايىدا كېچىچە ساقلاپ تۇرۇۋېرىشتىن يانمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشىسام ئادەم بىلەن ئەمەس، بىر قوي بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقاندەك، مېنى بىرى قوينىڭ قوتىنىغا سولاپ قويغاندەك ماڭا ھار كېلىدىكەن. شۇڭا مەن توي قىلغان بولساممۇ ئۆزۈمنى تېخى توي قىلمىغاندەكلا سېزىمەن، بىكىدىن تونۇشقانلارغىمۇ توي قىلمىغان دەپ قويىمەن.

مەن ئويلىنىپ قالدىم، مەسىلە ئاياللىنىڭ زىيادە ياۋاش، ھەتتا بىرئاز دىتسىز،

دۆترەكلىكىدىمۇ ياكى مۇنۇ دوستۇمنىڭ غەلىتە، بىنورمال پسىخىكىسىدىمۇ؟!...

## خوتۇنىدىن يوشۇرۇن پۇل يىغقان ئەر

ئىبرى قاتناش هادىسىسگە ئۇچراپ كىچىدە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭدىن كۆپ قان چىقىپ كەتكەچكە زادىلا بولالمايۋاتاتتى. دوختۇرلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەمدى قۇتقۇزۇشقا ئامال يوقلۇقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كېسەلنى ۋاقتىدا ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. خوتۇنى ئەمدى بىر بالا بىلەن قانداقمۇ قىلارمىز، دەپ ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئىبرىمۇ ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەزرائىل ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى، پۈتكۈل يۈرەك - باغرى مۇزلاپ، سوغ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنى غېرىبلىق باستى. بۇرۇن ئانچە قەدىردان بىلىنمەيدىغان ئايالى ئەمدى بىردىنلا پەرىشتىدەك يېقىملىق تۇيۇلۇپ، كىچىك باللاردەك ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ياتمىسا قورقىدىغاندەكلا تۇيغۇغا كېلىپ قالدى.

- يېقىن كېلىڭلا، ئانىسى، - دېدى ئۇ كۈچسىز قوللىرىنى ئۇنىڭ قولىغا سوزۇپ، - مېنى بىردەم بولسىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇڭلار، بىر قىسما بوپ قېلىۋاتىمەن...

ئايالى ئىبرىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئۆتكەن كۈنلەر ئىبرىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئۇلار ئاددىي دېهقان بولسىمۇ هەر هالدا ئوبدان ئۆتكەنىدى. بۇ يۇرتتا ئەرلەر ئاياللارغا پۇل تۇتقازمايتتى، ئايالغا پۇل تۇتقۇزغانلار بولسا باشقىلار ئۇنى «سايىماخۇن» دەپ ئەيىبلەپ باش كۆتەرتمەيتتى. خوتۇنلىرىمۇ بۇنىڭغا كۈنۈك ئىدى. هەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئايالى ئۇقىدىغان پۇلدىن بۆلەك يەنە ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ياكى زۆرۈر ئەهۋاللاردا خەجلەيدىغان بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇلى بولمىسا، ئۇنى سورۇنلاردا باشقا ئاغىنىلىرى كۆزگە ئىلمايتتى. ئارىغىمۇ ئالمايتتى. شۇڭا خوتۇن - بالىلىرىدىن يوشۇرۇن پۇل يىغىش بۇ مەهەللىدىكىلەرنىڭ نورمال ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

هالبۇكى، مەتباقى باشقىلاردەك ئالدىقانداق بىر ئويۇنشى ياكى يېگى تونۇشقان خوتۇن - قىزلارغا ئانچە - مۇنچە كىيىم - كېچەكتەك بىر نېمىلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز بالىلىرىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ئۈچۈن پۇل يىغىپ ئون ئالتە يىلدا ئاران 20 مىڭ يۈەن قىلغانىدى. ئۇ، بۇ پۇللارنى بۇرۇن خوتۇنىغا نەچچە دەيمەن، دەپ تەمشىلىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالغانىدى. چۈنكى ئايالى كۆرگەنلا نەرسىنى ئېلىشقا ئامراق بولۇپ، كىيىم - كېچەكنىڭ غەلۋىسىنى تولا قىلاتتى، ئۆيگە پۇل كىردىمۇ، خەجلەپ - خەجلەپ تاكى تۈگىتىۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. باللار چوڭ بولۇپ ئالدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى، ئەگەر ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ دېگىنى راست بولىدىغان بولسا، 20 مىڭ دېگەن هېچنەرسىگە دالدا بولمايتتى. ئۇ، بۇ پۇللارنى پات - پات كۆرۈپ تۇرمىسا، ئۆز قولى بىلەن ساناپ باقمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى بانكىغا قويسا، كىرىپ - چىقىش جەريانىدا ئايالىنىڭ كۆرۈپ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقتىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزى ساقلاپ، ساقلىغاندىمۇ پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك تەستە ساقلاپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئەجەل ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، بۇ پۇللارنى هېچكىم تاپالمايدۇ. چىرىپ

www.uyghurkitap.com



كىرەكسىز بىر دۆۋە قەغەزگە ئايلىنىدۇ. ۋاقتى كەلدى، بۇ پۇللارنى خوتۇنىغا ئاشكارلاشنىڭ پەيتى كەلدى، خوتۇنى بۇنى ئۇقسا ئۆزىنى ئالدانغاندەك ھېس قىلىپ دەسلەپ خاپا بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئۇنى بالىمىزنىڭ ئوقۇشىغا ئىشلەتكىنىدە چوقۇم مېنى «مۇشۇنچىلىك پۇلنى بولسىمۇ سىقىپ قويۇپ ياخشى قىپتىكەن» دەپ قالار.

- سىلىگە بىر گەپ بار ئىدى، بۇرۇن دېيىشنى ئويلىساممۇ دېيەلمىگەن، ئەمدى دېمىسەم بولمايدۇ. . . - دېدى ئېرى تەستە ئېغىز ئېچىپ.

- نېمە گەپتى؟ - خوتۇنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلدى، - دەڭلا دادىسى، قانداقلا گەپ بولسا دەۋېرىڭلا!

- مەن بىز ئۆي تۇتقاننىڭياقى تېرىپ - تۆشەپ يۈرۈپ بالىلىرىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ سىلىگە ئۇقتۇرماي پۇل يىغقانىدىم، ھازىر توپتوغرا 20 مىڭ يۈەن بوپتۇ. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، مەندىن كېيىن قالساڭلا، ئۇنى بالىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئىشلىتەرسىلە. . .

مەتباقى پۇلنىڭ نەگە يوشۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرىپ بولغاندىلا، يەلكىسىدىن ئېغىر بىر تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئارمانسىز كېتەتتى.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق، ئويلىمىغان ئىشلار، ئويلاپمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تاسادىپىيلىقلار ھەرقاچان ئۇچراپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مەتباقىمۇ دوختۇرلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ياكى ئۆزى «سەزگەن» دەك ئۆلۈش ئەمەس، ئەكسىچە ئۆلمەي ساقىيىپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ساقىيىشى بۇ ئائىلە ئۈچۈن پاجىئە ئېلىپ كەلدى. خوتۇنى ھە دېسە «مەندىن يوشۇرۇپ يىققان پۇللىرىڭ ئاران 20 مىڭلا ئەمەس، تېخى يەنە جىق، سەن ئۇنىڭ ھەممىنى تاپشۇرماي قايسى بىر ئاشناڭغا ساقلايتتىڭ» دەپ تولا غەلۋە قىلىدىغان، بېشەملىك بىلەن ئۇرۇشىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، بۇ خوتۇندىن جاق تويۇپ كەتتى، «نېمىشقىمۇ ئۆلۈپ كەتمەي ساق قالغاندىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئۆكۈنەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق چىدىغۇسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرمەيتتى. بۇنداق بولارنى كىممۇ ئويلىغان؟ . . . «ھەي، خوتۇن كىشى دېگەنگە زادى ئىچ سىرنى بېرىدىغان نەرسە ئەمەسكەن. مەن بۇ توگىمەس غەۋغالارنى پۇلغا سېتىۋالدىم. . .

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز بۇلارنى ئوقۇپ قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتىسىز؟ بۇ ماجىرا، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەرنىڭ يوشۇرۇن پۇل يىغقىنىدىن بولغانمۇ ياكى ئايالنىڭ ئېرىگە ئىشەنمەي، گۇمانى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكىدىن-مۇ؟ بۇنى ئەقىل تارازىڭىزغا سېلىپ كۆرگەيسىز!

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەنلەر ياكى ژۇرنىلىمىزنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالغۇچىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىش خادىمى ئىمىرھەسەن بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2818897، چاقىرغۇ: 98980 ئارقىلىق 8070233.

# ئالدىن مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئىجادىيەت مەركىزى نەشر قىلغان «كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلى، «ئۇيغۇرلار ۋە تىجارەت يولى»، «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش»، «كومپيۇتېر ۋە كەسىپ» قاتارلىق كىتابلارغا ئالدىن مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

1. «كومپيۇتېر دۇنياسى» ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق، هازىرقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ يۇقىرى جەۋھىرى بولغان كومپيۇتېرنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ماقالىلەر ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭ كومپيۇتېر بىلىملىرىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. ژۇرنال پەسىللىك بولۇپ، هەر سانىنىڭ باهاسى: 5 يۈەن، يىللىق مۇشتىرى پۇلى: 20 يۈەن.

2. «ئۇيغۇرلار ۋە تىجارەت يولى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «21 - ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەدەبىي ئاخبارات ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ سېتىلىش باهاسى: 10 يۈەن.

3. «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» كەڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈچۈن كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىشى هەققىدىكى ئەهمىيەتلىك مىسال، ئەمەلىي ئىشلىتىشتىكى تېخنىكىلىق ساۋاتلار، يەنى كومپيۇتېرنىڭ ئائىلىدە بالا تەربىيىسى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى، كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلىش، كاتىباتلىق قىلىش، كومپيۇتېردا رەسىم سىزىش، ئائىلە فوتو رەسىملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلە هېساباتىنى باشقۇرۇش، كومپيۇتېردا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش، VCD كۆرۈش، CD ئاڭلاش، ئىنتېرنېت تورىغا كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، كومپيۇتېر سېتىۋېلىش قاتارلىق بىلىملەر سۆزلىنىدۇ. باهاسى: 20 يۈەن.

4. «كومپيۇتېر ۋە كەسىپ» كومپيۇتېرنىڭ قاراتمىلىق كەسىپلەر بويىچە ئىشلىتىلىش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، يەنى كومپيۇتېر بوغالتىرلىقى، كومپيۇتېردا خەت ئۇرۇش، بەت ياساش، مۇقاۋا لايىهىلەش، ۋىۋىسكا ئىشلەش، كومپيۇتېردا كىيىم پىچىش، كىيىم لايىهىلەش، كومپيۇتېردا قۇرۇلۇش لايىهىلەش، كومپيۇتېردا مۇزىكا ئىشلەش، كومپيۇتېردا VCD فىلىملىرىنى ئىشلەش... قاتارلىق بىلىملەر، تېخنىكىلار سۆزلىنىدۇ. باهاسى 40 يۈەن.

يۇقىرىقى كىتابلار ئالدىن بىۋاستە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تارقىتىلىدۇ. كىتابخانىلارغا سېلىنمايدۇ. كوللېكتىپ مۇشتىرى بولغۇچىلارغا (50 تىن يۇقىرى بولسا) 30 پىرسەنت ئېتىبار باهادا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ سانى چەكلىك، ئالدىن زاكاز قوبۇل قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەڭ!

ئالاقىلاشقۇچى: ئىمىرهەسەن.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى: جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - قورۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەهرىر بۆلۈمى. تېلېفون: 2818897 (0991)

地址：乌市新华南路16号《天尔塔格》编辑部。
电话：(0991)2818897

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شۋېتسارىيىگە سالام

(ھېكايە)

ھېمىڭۋاي [ ئامېرىكا]

ئوسمانجان مۇھەممەد، رەخىم نۇرىيوپ تەرجىمىسى

## 1

### ۋىل ئەپەندىنىڭ مونتولدىكى تەسۋىرى

ۋوگزال رېستورانى ئىللىق ھەم يورۇق ئىدى. ياغاچ شىرەلەر پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەن. شىرەدىكى سېۋەتلەردە قەغەز قاپچۇقلارغا قاچىلانغان پېچىنە - پىرەنىكلەر تۇراتتى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا ساپلا نەقىش ئويۇلغان بولۇپ، تەگلىكى كونا بولسىمۇ يۇمشاق ئىدى. تامغا نەقىشلىق بىر ياغاچ سائەت ئېسىپ قويۇلغان. رېستوراننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ھاراق پۈكىيى بار ئىدى. سىرتتا بولسا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى .

سائەتكە يېقىن شىرە يېنىدا پويىز ئىستانسىسىدا يۈك - تاق توشۇيدىغان ئىككى ھاممال ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. يەنە بىر ھاممال كىرىپ كەلدى - دە، «سىمپولوننىڭ شەرق تېز پويىزى سانمورلىزدا بىر سائەت كېچىكىدىكەن» دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. كۈتكۈچى قىز ۋىل ئەپەندى ئولتۇرغان شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى.

- ئەپەندى، تېز پويىز بىر سائەت كېچىكىدىكەن، - دېدى، - بولمىسا ئازراق قەھۋە كەلتۈرەيمۇ؟

- قەھۋە ئۇيقۇمنى بۇزمىسىلا مەيلىتىغۇ.
- قانداقسىگە دەيسىز؟
- بولدى، ئازراق كەلتۈرۈڭ.
- رەھمەت.

كۈتكۈچى قىز ئاشخانىدىن قەھۋە ئېلىپ چىقتى. ۋىل ئەپەندى ۋوگزالدىكى چىراغ يورۇقىدا دېرىزىدىن سىرتتىكى قار مەنزىرىسىگە قارىدى.

- ئىنگلىزچىدىن باشقا چەت ئەل تىلىنى بىلەمسىز؟ - دەپ سورىدى ۋىل ئەپەندى كۈتكۈچى قىزدىن.

- ئازراق بىرنەرسە ئىچىشكە تاۋىڭىز بارمىكىن؟

- ھە، بولدى، ئەپەندى. مەن تاماكا چەكمەيمەن، ئۆزىڭىز چېكىۋېرىڭ ئەپەندى.

- ماقۇل ئەمىسە، - دېدى ۋىل ئەپەندى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ قەھۋە ئوتلىدى ۋە بىر تال سىگارتقا ئوت تۇتاشتۇردى.

- Fraulein (نېمىسچە، خان قىز) ، - دەپ چاقىردى ئۇ كۈتكۈچى قىزنى. كۈتكۈچى قىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

- سىزگە نېمە كېرەك، ئەپەندى؟
- سىز كېرەك، - دېدى ئۇ.
- ۋىيەي، بۇنداق چاقچاق قىلماڭ ئادەمگە.
- چاقچاق قىلغىنىم يوق.

– ئەمىسە بۇنداق دىمەسلىكىڭىز كېرەك - دە!

– مېنىڭ سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق، – دېدى ۋىل ئەپەندى، – پويىز يەنە قىرىق مىنۇتتىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ. خالىسىڭىز مەن بىلەن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىڭ، مەن سىزگە يۈز فرانك بېرىمەن.

– ئەپەندى، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. مەن هامماللارنى چاقىرىپ بېرەي، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىڭ.

– ماڭا هامماللارنىڭ كېرىكى يوق، – دېدى ۋىل ئەپەندى، – ساقچىلارنىڭمۇ، سىگارت ساتىدىغان شۇمتەكلەرنىڭمۇ كېرىكى يوق. پەقەت سىزلا كېرەك.

– بۇنداق دەيدىغان بولسىڭىز چىقىپ كېتىڭ. بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز بۇ يەردە ئارتۇقچە تۇرۇشقا بولمايدۇ.

– ئەمىسە سىز يېنىمدىن كەتمەي نىمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ سىز بۇ يەردىن كەتسىڭىز مەن سىزگە گەپ قىلىپمۇ ئولتۇرمايمەن - دە!

كۇتكۇچى قىز كەتتى. ۋىل ئەپەندى ئۇنىڭ هامماللارغا بۇ گەپنى دەيدىغان - دىمەيدىغانلىقىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. ئەمما كۇتكۇچى قىز ئۇلارغا بىرنىمە دىمىدى.

– Mademoisecllе (فرانسۇزچە، خان قىز دېگەنلىك )، – دەپ چاقىردى ۋىل ئەپەندى. كۇتكۇچى قىز كەلدى.

– ماڭا بىر بوتۇلكا سىئون[1]هارىقى كەلتۇرۇڭ.

ۋىل ئەپەندى ئۇنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدىن تارتىپ، هاراق ئېلىپ كىرىپ شىرەگە قويغىنىغا قەدەر زەن قويۇپ ئولتۇردى. ۋىل ئەپەندى سائىتىگە قاراپ قويدى - دە:

– مەن سىزگە ئىككى يۈز فرانك بېرەي، – دېدى.

– ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرمەڭ، – دېدى كۇتكۇچى قىز. ئۇ ئىنگلىزچىنى ئوبدان سۆزلىيەلمەيتتى. ۋىل ئەپەندى ئۇنىڭغا شەهۋەت نەزەرى بىلەن قارىدى.

– ئىككى يۈز فرانك ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇڭ.

– ئەجەب بىزەڭ ئادەمكەنسىزا.

– ئەمىسە نىمىشقا يېنىمدىن كەتمەي قاراپ تۇرىسىز؟ سىز بۇ يەردىن كەتسىڭىز مەن سىز بىلەن پاراڭلىشالمايمەن - دە!

كۇتكۇچى قىز شىرەنىڭ يېنىدىن پوكەينىڭ ئارقىسىغا كەلدى. ۋىل ئەپەندى ئۆزى يالغۇز قالغىنىچە هاراق ئىچىپ ئولتۇردى.

– Mademoisecllе ، – دەپ چاقىردى ئۇ يەنە. شۇنىڭ بىلەن كۇتكۇچى قىز كەلدى.

– سىزگە نېمە كېرەك؟

– بولالمىدىم، سىزگە ئۇچ يۈز فرانك بېرەي .

– هەجەپ زېرىكتۇردىڭىزغۇ ئادەمنى.

– ئۇچ يۈز شۋېتسارىيە فرانكى بېرىمەن.

كۇتكۇچى قىز پەرۋاسىزلا كېتىپ قالدى، ۋىل ئەپەندى قىزنىڭ سىماسى يوتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

بىر هاممال ئىشكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋىل ئەپەندىنىڭ يۈك - تاقىغا مەسئۇل مۇلازىم ئىدى.

– ئەپەندى، پويىز كەلدى، – دېدى ئۇ فرانسۇزچە. بۇنىڭ بىلەن ۋىل ئەپەندى ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

– Mademoisecllе ، – دەپ چاقىردى ۋىل ئەپەندى. كۇتكۇچى قىز شىرە ئالدىدا هازىر بولدى، – هاراق قانچە پۇل بولدى؟

– يەتتە فرانك.

ۋىل ئەپەندى ساناپ سەككىز فرانك پۇلنى شىرەگە قويۇپ قويدى. ئاندىن پەلتۇسىنى كىيىپ هاممال بىلەن ۋوگزالغا چىقتى. تالادا قار توختىماي يېغىۋاتاتتى.

– Aurevoir (فرانسۇزچە خەيرخوش)، – Mademoisecllе ،– دېدى ۋىل ئەپەندى.

كۇتكۇچى قىز ئۇنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى. «ئەجەب سەت ئادەمكىنا ئۇ، – دەپ ئويلىدى كۇتكۇچى قىز، – سەتلىكىگە باقماي بېزەڭلىكىچۇ تېخى! پۇل خەجلىمەيمۇ پۈتىدىغان بۇنداق ئىشقا ئۇچ يۈز فرانك بېرەي دېيىشلىرىچۇ. مەن بىرنەچچە دو ئوينىغان بولسامۇ خەقتىن بىر تىيىن ئالمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغان

[1] سىئون - شۋېتسارىيىدىكى جاي نامى.

uyghurkitap.com



بىرەر ئەپلىكرەك جاي بولمىسا. ئۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن بولسا بۇ يەردە ئويۇنغۇدەك ئەپلىك جاي يوقلۇقىنى بىلگەن بولاتتى. بۇنداق ئىشنى قىلىدىغانغا تۇزۇك ۋاقىتمۇ، ئەپلىك بىرەر جايمۇ بولمىسا، ئۈچ يۈز فرانك بېرىپ ئويۇنارمىش تېخى! ھەي، ئامېرىكىلىق دېگەن قانداق خەقلەردۇ! »

ۋىل ئەپەندى سىمونت ۋوگزالدىكى يۈك - تاقىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىپ قارلارنى يېرىپ كېلىۋاتقان پويىزنىڭ چىرىغىغا قارىدى ۋە بۇ بىر مەيدان ئويۇن ئەرزان توختىدى، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە بولسا كەچلىك تاماقنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر بوتۇلكا ھاراقلا يەتتە فرانك، قىزنىڭ تاپان ھەققىگە بەش شىللىڭ① بەرسىلا كۇپايە ئىدى. يەتمىش بەش شىللىڭ بەرگەن بولسا ئىش تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇ شۇ تۇرقى «ھەي، ئىسىت، يەتمىش بەش شىللىڭ بەرگەن بولسام تېخىمۇ ياخشى بولاركەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بىر شۋېتسارىيە فرانكى بەش فرانسىيە فرانكىغا باراۋەر ئىدى. ۋىل ئەپەندى پويىز بىلەن پارىژ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يولغا كەلگەندە ئۇ ناھايىتى پىخسىق ئىدى، ئاياللار بىلەن ئويناشقىمۇ قارنى ئاغرىيتتى. ئۇ بۇرۇن بۇ پويىز ئىستانسىسىغا كەلگەن، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىققىلى بولمايدىغانلىقى ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. ۋىل ئەپەندى ئەزەلدىن تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باققان بەندە ئەمەس ئىدى.

2

## يوھانسۇن ئەپەندىنىڭ ۋىلۋېردىكى سۆھبىتى

ۋوگزال رېستورانى ئىللىق ھەم يورۇق ئىدى. ياغاچ شىرەلەر پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەن، شىرەگە ئاق يوللۇق كۆك داستىخان سېلىنغانىدى. ھەر بىر شىرەگە سېۋەت قويۇپ قويۇلغان، سېۋەتلەردە بولسا قەغەز قاپچۇقلارغا قاچىلانغان پېچىنە - پىرەنىكلەر تۇراتتى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارغا ساپلا نەقىش ئويۇلغان بولۇپ، تەگلىكى كونا بولسىمۇ يۇمشاق ئىدى. تامغا بىر ياغاچ سائەت ئېسىپ قويۇلغان. رېستوراننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ھاراق پۈكىيى بار ئىدى. سىرتتا بولسا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. سائەتكە يېقىن شىرە يېنىدا پويىز ئىستانسىسىدا يۈك - تاق توشۇيدىغان ئىككى ھاممال ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى.

يەنە بىر ھاممال كىرىپ كەلدى - دە، «سىمپولوننىڭ شەرق تېز پويىزى سانمورلىزدا بىر سائەت كېچىكىدىكەن» دېدى. ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. كۈتكۈچى قىز يوھانسۇن ئەپەندى ئولتۇرغان شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى.

- ئەپەندى، تېز پويىز بىر سائەت كېچىكىدىكەن، - دېدى ئۇ، - بولمىسا ئازراق قەھۋە كەلتۈرەيمۇ؟

- ئاۋارىچىلىق كۆرمىسىڭىزلا مەيلىتىغۇ.

- قانداقسىگە دەيسىز؟

- بولدى، ئازراق كەلتۈرۈڭ.

- رەھمەت.

ئۇ ئاشخانىدىن قەھۋە ئېلىپ چىقتى. يوھانسۇن ئەپەندى ۋوگزالدىكى چىراغ يورۇقىدا دېرىزىدىن سىرتتىكى قار مەنزىرىسىگە قارىدى.

- ئىنگلىزچىدىن باشقا چەت ئەل تىلىنىمۇ بىلەمسىز؟ - دەپ سورىدى يوھانسۇن ئەپەندى كۈتكۈچى قىزدىن.

- ھەئە، بىلىمەن. نېمىسچە، فرانسۇزچە بىلىمەن، ئۇنىدىن باشقا يەنە بەزى يەرلىك تىللاردىنمۇ خەۋىرىم بار.

— ئازراق بىرنەرسە ئىچىشكە تاۋىڭىز بارمىكىن؟

— ياق، ئەپەندى. بىزنىڭ بۇ يەردە مېھمانلار بىلەن ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ.

— بىر تال چېكەمسىز؟

— بولدى، ئەپەندى، — دېدى قىز كۈلگىنىچە، — مەن تاماكا چەكمەيمەن، ئۆزىڭىز چېكىۋېرىڭ ئەپەندى.

- مەنمۇ چەكمەيتتىم، - دېدى يوھانسۇن ئەپەندى، - تاماكا چېكىش يامان ئادەت.

كۈتكۈچى قىز نېرى كەتتى. يوھانسۇن سىگارتىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى - دە، قەھۋە ئوتلىدى. تامدىكى سائەت ئىستىرېلكىسى چارەك كەم ئوننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سائىتى سەل تېز كېتىپتۇ. پويىز سائەت ئون يېرىمدا

① بىر فرانك - يۈز شىللىڭغا تەڭ.

كېلىشى كېرەك ئىدى، بىر سائەت كېچىككەن بولسا ئۇ ئون بىر يېرىمدا كېلىدۇ دېگەن گەپ. يوھانسون كۈتكۈچى قىزنى چاقىردى.

— Signorina (ئىتالىيانچە، خان قىز)!

— سىزگە نېمە كېرەك، ئەپەندى؟

— مەن بىلەن ئوينىغىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى يوھانسون. كۈتكۈچى قىزنىڭ يۈزلىرى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئوينىغۇم يوق، ئەپەندى.

— مەن سىزگە يامان ئىش قىلايلى دەۋاتقىنىم يوق، پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، خالىسىڭىز بىرەر قىز دوستىڭىزنى باشلاپ كەلسىڭىز. ۋىلۋېرنىڭ كېچىلىك تۇرمۇشى قانداق، بىر كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟

— ئىشىم بار، — دېدى كۈتكۈچى قىز، — مەن بۇ يەردە ئىشلەيمەن.

— ئۇنىغۇ بىلىمەن، — دېدى يوھانسون ئەپەندى، — ئورنىڭىزغا ئىشلەپ تۇرغۇدەك بىرەرسىنى تاپالماسسىزمۇ؟ ئىسپانىيىدە ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا ئۇلار ھەمىشە شۇنداق قىلاتتى.

— ياق ئەپەندى، بۇ يەردە ئۆزۈم بىر قوللۇق تۇرمىسام بولمايدۇ.

— سىز ئىنگلىزچىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟

— بورۇزدىكى مەكتەپتە.

— ئېيتىڭا، — دېدى يوھانسون، — بورۇزدىكى ستۇدېنتلار يامانمۇ، ئۇلار قىزلارنى ئەسەبىيلەرچە بېسىۋالامدۇ؟ توشقان قوغلاپ يۈرىدىغان ئوغۇللار جىقمۇ؟ سىز سكوت فېزجىرات[①] بىلەن كۆرۈشۈپ باققانمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئېيتماقچى، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلىرىڭىز ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ خۇشال كۈنلەرمۇ؟ ئالدىنقى كۈزدە بورۇزدا قايسى توپ كوماندىسى بار ئىدى؟

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز، ئەپەندى؟

— چاقچاق دېگەننىڭ يېرىمى راست، — دېدى يوھانسون، — سىز بەك ئوبدان قىزكەنسىز، خوش، مەن بىلەن ئوينىغىڭىز بارمۇ؟ — ئوينىغۇم بار، ئەپەندى، — دېدى كۈتكۈچى قىز، — مەن سىزگە بىرنەرسە ئەكەپ بېرەيمۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى يوھانسون، — ھاراقنىڭ باھا جەدۋىلىنى ئەكىلىڭا، كۆرۈپ باقاي.

— خوپ، ئەپەندى.

يوھانسون ھاراقنىڭ باھا جەدۋىلىنى كۆتەرگىنىچە شىرە يېنىدا ئولتۇرغان ئۈچ ھامالنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياشانغان ئادەملەر ئىدى.

— Wollen Sie kenl (نېمىسچە، ھاراق ئىچكۈڭلار بارمۇ؟)، — دەپ سورىدى ئۇ. بىر ھامال بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈپ قويدى.

— Oui, monsieur (فرانسۇزچە، ھەئە، ئەپەندى).

— فرانسۇزچە سۆزلەۋاتامسىز؟

— Oui, monsieur. — نېمە ئىچسەك بولار؟ Cannaissez vous des champagnes (سىلەر ھەر خىل شامپانلارنى بىلەمسىلەر؟)

— Non (فرانسۇزچە، ياق)، monsieur.

— Faut Les connaitre (فرانسۇزچە، بىلىشىڭلار كېرەك)، — دېدى يوھانسون، — Fraullin، — كۈتكۈچى قىزنى چاقىردى ئۇ.

— بىز شامپان ئىچسەك.

— قاندىغىدىن ئىچىسىلەر، ئەپەندى؟

— ئەڭ نوچىسىدىن، — دېدى يوھانسون، — Laquelle est le best (فرانسۇزچە، ئەڭ نوچىسى قايسى؟) — سورىدى ئۇ ھامالدىن.

— Le meillieur (فرانسۇزچە، ئەڭ نوچىسى؟) — بايا تۇنجى بولۇپ سۆزلىگەن ھامال سورىدى ياندۇرۇپ.

— دۇرۇس.

ھامال پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن ئالتۇن گەردىشلىك كۆزەينىكىنى ئېلىپ باھا جەدۋىلىگە قارىدى. ئۇنىڭ بارمىقى تۆت خىل يېزىقتا يېزىلغان ھاراق تىزىملىكى بىلەن ھاراق باھاسىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىلجىدى.

— سىپورتچى ماركىلىقىدىن، — دېدى ئۇ، — سىپورتچى ماركىلىقى ئەڭ ياخشى.

— سىلەرچە بولامدۇ، ئەپەندىلەر؟ — يوھانسون قالغان ئىككى ھامالدىن سورىدى. ھامالنىڭ بىرى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى، يەنە بىرى فرانسۇزچە:

① سكوت فېزجىرات (1896 — 1940) — ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى، ئۇ پارىژدا بىر مەزگىل تۇرغان.

uyghurkitap.com



- مەنغۇ ئېچىپ باقماپتىكەنمەن، ئەمما باشقىلار سپورتچى ماركىلىقنى ئىغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ، قارىغاندا ئۇ چوقۇم ياخشى بولسا كېرەك، - دېدى.

- ئەمسە سپورتچى ماركىلىقىدىن بىر بوتۇلكا كەلتۈرۈڭ، - دېدى يوھانسون كۈتكۈچى قىزغا. ئۇ، باھا تىزىملىكىگە قارىدى، باھاسى ئون بىر شۋېتسارىيە فرانكى ئىدى، - سپورتچى ماركىلىقىدىن ئىككى شىشە كەلتۈرۈڭ. مەن سىلەرگە قوشۇلۇپ ئولتۇرسام بولامدۇ؟ - سورىدى ئۇ ھېلىقى دەسلەپ سپورتچى ماركىلىق شامپان ئېچىشنى ئىغىزغا ئالغان ھامالدىن.

- نېمىشقا بولمايدىكەن، قېنى، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، - دېدى ھامال ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ. ئۇ، بۇرنىنىڭ قاڭشىرىغا قوندۇرۇلغان كۆزەينىكىنى ئالدى - دە، قاتلاپ قېپىغا سالغاچ، - بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز ئوخشىمامدۇ، ئەپەندى؟ - دېدى.

- نەدىكىنى، - دېدى يوھانسون، - بۈگۈن بايرامىمۇ ئەمەس. خوتۇنۇم مەن بىلەن ئاجرىشىش نىيىتىگە كەلگەن كۈن.

- مۇنداق دەپ قويۇڭ تېخى! - دېدى ئۇ ھامال، - ئامال بار تۈگىشىپ كەتمەڭلار. يەنە بىر ھامال يوھانسونغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى. ئۈچىنچى ھامالنىڭ قۇلىقى ئېغىردەك قىلاتتى .

- شۈبھىسىزكى، بۇ ئادەتتىكىچىلا بىر ئىش، - دېدى يوھانسون، - بۇ تۇنجى قېتىم چىش دوختۇرىغا كۆرۈنگەنگە ياكى قىزلارنىڭ تۇنجى قېتىم ھەيز كۆرگىنىگە ئوخشاش ئاددىي بىر ئىش. ئەمما مەن جاق تويۇپ كەتتىم.

- ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، - دېدى ھاماللارنىڭ ئەڭ قېرىسى، - مەن توغرا چۈشىنىمەن.

- سىلەر ئۈچەڭلار ئاجرىشىپ باقمىغان بولغىيتىڭلار، - سورىدى يوھانسون. ئەمدى ئۇ بايامقىدەك گەپ ئويناتماي نەق يۈرەك سۆزىنى ئېيتىشقا باشلىغانىدى، خېلىغىچە ئېغىزى سۆزدىن بېسىقمىدى.

- ياق، - دېدى سپورتچى ماركىلىق شامپان ئېچىشنى تەشەببۇس قىلغان ھامال، - بۇ يەردە ئاجرىشىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بەزى جانابلار ئاجراشقان بولسىمۇ ئۇنداقلارنىڭ سانى چاغلىق.

- بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەر بىرىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش.

- ئۇنىسىغۇ شۇنداق، - دېدى ھېلىقى ھامال ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، - مەن بۇنى گېزىتتىنمۇ كۆرگەن.

- مەن تېخى كۆپ كىچىككىنى، - دېدى يوھانسون سۆزىنى داۋام قىلىپ، - مەن ئوتتۇز بەشكە كىرىپ قالدىم، تېخى ئەمدىلا تۇنجى قېتىم ئاجراشماقچى بولۇۋاتىمەن.

Maisvous etes encore jeune- (فرانسۇزچە، سىز تېخى كۆپ ياش ئىكەنسىز)، - دېدى ھېلىقى ھامال، Monsieur n'a que trente — cinq ans - (فرانسۇزچە، بۇ ئەپەندىنى ئوتتۇز بەشكە كىردى دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ). قالغان ئىككى ھامال باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

- ھەقىقەتەن ئۇ تېخى ياش ئىكەن، - دېدى يەنە بىر ھامال .

- سىز راستىنىلا تۇنجى قېتىم ئاجرىشىۋاتامسىز؟ - سورىدى ھامال .

- ئۆزەمبىللا شۇنداق، - دېدى يوھانسون، - بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىڭ، mademoiselle.

- ئۇنىڭغا خېلى جىق پۇل كېتەمدىكەن؟

- ئون مىڭ فرانك كېتىدىكەن.

- شۋېتسارىيە فرانكىمۇ؟

انسيه فرانكى.

- ئەمسە ئىككى مىڭ شۋېتسارىيە فرانكەن، ئىشقىلىپ ئەرزانغا چۈشمەيدىكەن.

- شۇنى دېسىڭىزچۇ.

- ئۇنداقتا يەنە نېمە دەپ ئاجرىشىسىز؟

- خەق ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسا.

- نېمىشقا ئاجرىشىمەن دەيدىغاندۇ؟

- باشقىلار بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن بولامدۇ .

- ئۇنداقتا بۇ تازا ئەقىلسىزلىققۇ.

- ۋاي شۇنى بىر دېسىڭىزچۇ، - دېدى يوھانسون. كۈتكۈچى قىز قەدەھلەرگە لىق تولدۇرۇپ شامپان قۇيدى، تۆتەيلەن رومكىلىرىنى تەڭ كۆتۈرۈشتى.

- Prosit (لاتىنچە، سالامەتلىكىڭىز

ئۈچۈن) ، ـ دېدى ھېلىقى ھامال. باشقا ئىككى ھامالمۇ قوشۇپ قويدى، ـ Salut (فرانسۇزچە، سەپىرىڭىزگە ئاق يول بولسۇن) . شامپاندا لىمون ھارىقىنىڭ تەمى بار ئىدى.

ـ شۋېتسارىيىدە بىرى سوئال سورىسا، ھەر خىل تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاب بېرىدىكەن. بۇ بىر قائىدىمۇ ـ قانداق؟

ـ يوقسۇ، ـ دېدى ھېلىقى ھامال، ـ فرانسۇز تىلىدا سۆزلەش يۇقىرى تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئالامىتى. يەنە كېلىپ بۇ دېگەن شۋېتسارىيىگە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىش.

ـ سىز تېخى نېمىسچىنىمۇ بىلىدىكەنسىز.

ـ شۇنداق، چوڭ ئۆيۈمدىكىلەر نېمىسچە سۆزلىشىدىغان.

ـ ئەمدى بىلدىم، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ سىز ئۆزىڭىزنى ئاجرىشىپ باقمىغان دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

ـ شۇنداق. ئاجرىشىش بەك قىممەتكە توختايدىغان ئىشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەسلا توي قىلىپ باقمىغان دەڭا.

ـ مۇنداق دەڭ، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ ئۇنداقتا بۇ ئىككى ئەپەندىچۇ؟

ـ ئۇلار توي قىلغان.

ـ سىز توي قىلىشنى ياقتۇرامتىڭىز؟ ـ سورىدى ھامالىلارنىڭ بىرىدىن.

ـ قانداق دەيسىز؟

ـ سىز توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشنى ياخشى كۆرگەنمۇ؟

ـ Qui, c'est mormale (فرانسۇزچە، ھە-ئە، شۇنداق بولۇشى نورمال ئىشقۇ) .

ـ ھەقىقەتەن شۇنداق، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ Etvous (فرانسۇزچە، ئۇنداقتا سىزچۇ) ، ئەپەندى؟

ـ Ca va (فرانسۇزچە، مەنمۇ شۇ) ، ـ دېدى يەنە بىر ھامال.

ـ Pour moi, ca ne sera pas (فرانسۇزچە، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنداق ئەمەس) ، ـ دېدى يوھانسۇن.

ـ Monsieur سىز ئاجراشماقچىكەن-سىز ـ دە! ـ دېدى بىرىنچى ھامال چۈشەنچە بېرىپ.

ـ ھەتتەڭ، ـ دېدى ئىككىنچى ھامال.

ـ ھەي-ي-ي، ـ دېدى ئۈچىنچى ھامال.

ـ بولدى، ـ دېدى يوھانسۇن بىرىنچى ھامالغا، ـ بۇ ھەقتە گېپىمىز تۈگەپ قالغاندەك قىلىدۇ، قارىغاندا مېنىڭ دەردىمگە قىزىقمايدىغان ئوخشايسىلەر.

ـ ياقەي، قىزىقىمىز، ـ دېدى ھېلىقى ھامال.

ـ بولدىلا، ئەمدى باشقا تېمىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى.

ـ مەيلى ئەمىسە.

ـ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشسەك بولار؟

ـ سىز تەنھەرىكەت قىلامسىز؟

ـ ياق، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ ئەمما ئايالىم تەنھەرىكەتكە ئامراق.

ـ نېمە ئىش بىلەن ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىسىز؟

ـ مەن يازغۇچى.

ـ ئۇنداقتا كۆپ پۇل تاپالامسىز نېمە؟

ـ پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، بىراق كېيىنچە نامىڭىز چىقىپ قالسا نۇرغۇن پۇل تاپالايسىز.

ـ قىزىق ئىشكەن بۇ.

ـ ئۇنداق ئەمەس، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ قىزىق دېگۈچىلىكى يوق. كەچۈرۈڭلار، ئەپەندىلەر، مەن سىلەر بىلەن خوشلاشمىسام بولمىدى. ئاۋۇ بىر بوتۇلكا شامپاننىمۇ ئىچىۋېتەرسىلەر، ماقۇلمۇ؟

ـ بىراق، پويىز يېتىپ كېلىدىغانغا يەنە تېخى قىرىق بەش مىنۇت بار ئىكەنغۇ؟

ـ بىلىمەن، ـ دېدى يوھانسۇن.

كۇتكۈچى قىز چىقىپ كەلدى، ئۇ شامپان بىلەن تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىدى.

ـ ئەپەندى، تالاغا چىقامسىز؟ ـ سورىدى قىز.

ـ ھەئە، ـ دېدى يوھانسۇن، ـ ئاز ـ تولا ئايلىنىپ كېلەي، يۈك ـ تاقلىرىم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئۇ شارپىسىنى يۆگەپ، پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى كىيدى. سىرتتا تېخىچە لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ دېرىزىدىن شىرە يېنىدا ئولتۇرغان ئۈچ ھامالغا قاراپ قويدى. كۇتكۈچى قىز ئېلىپ قالغان شامپاننى ئۇلارنىڭ رومكىلىرىغا لىقلاپ بەردى. ئاندىن ئېغىزى ئېچىلمىغان شامپاننى پوكەيگە ئاپىرىپ تىزىپ

www.uyghurkitap.com



قويدى. يوھانسوْن «ئوْلارنىڭ ھەر بىرى مېنىڭ ئوْچ فرانكتىن ھارىقىمنى ئىچىشتى» دېگەنلەرنى كوْڭلىدىن ئوْتكوْزدى. ئوْ، رېستوْراندا ئاجرىشىش توغرىسىدا باشقىلار بىلەن پاراڭلاشسام، ئازابلىرىم ئاز - تولا بولسىموْ يېنىكلەپ قالار دەپ ئويلاپ كەلگەنىدى. ئەمما ئوْنىڭ ئازابلىرى يېنىكلەش توْگوْل، تېخىموْ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

## 3

## بىر ئەزانىڭ ئوغلى تېرتالدا

تېرتال ۋوگزال رېستوْرانى سەل ئىسسىپ قالغانىدى؛ چىراغلار كوْزنى قاماشتوْروْپ چاقناپ توْراتتى. تاماق شىرەلىرى پاكىز سوْرتوْپ پارقىرىتىۋېتىلگەن، شىرەگە سېۋەت قويوْپ قويوْلغان، سېۋەتلەردە بولسا پارقىراق قەغەز قاپچوْقلارغا قاچىلانغان پېچىنە - پىرەنىكلەر توْراتتى. شىرەدە يەنە پېۋا قاپىقىنىڭ ئاستىغا قويوْش ئوْچوْن ياسالغان كارتون قەغەز پارچىلىرى، بوْ نەرسە پېۋىنىڭ شىرەگە دوْگلەك - دوْگلەك داغ قالدوْروْپ قويوْشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. يوْلەنچوْكلوْك ئوروْندوْقلارغا ساپلا نەقىش ئويوْلغان بولوْپ، تەگلىكى كونا بولسىموْ يوْمشاق، راھەتلىك ئىدى. تامغا بىر ياغاچ سائەت ئېسىپ قويوْلغان. رېستوْراننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ھاراق پوْكىيى بار ئىدى. سىرتتا بولسا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. سائەتكە يېقىن شىرە يېنىدا بىر بوۋاي قەھۋە ئىچكەچ گېزىت كوْروْپ ئولتوْراتتى. بىر ھامال كىرىپ كەلدى - دە، «سىمپولوننىڭ شەرق تېز پويىزى سانمورلىزدا بىر سائەت كېچىكىدىكەن» دېدى. كوْتكوْچى قىز ھارىس ئەپەندى ئولتوْرغان شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھارىس ئەپەندى تېخى بايىلا كەچلىك تامىقىنى يەۋالغانىدى.

- ئەپەندى، تېز پويىز بىر سائەت كېچىكىدىكەن، ئازراق قەھۋە كەلتوْرەيموْ؟

- ئەكەلگىنىز بولسا ئەكىلىۋېرىڭ.

- قانداقسىگە دەيسىز؟

- بولدىلا، - دېدى ھارىس ئەپەندى.

- رەھمەت، ئەپەندى.

ئوْ ئاشخانىدىن قەھۋە ئېلىپ چىقتى. ھارىس ئەپەندى قەھۋەگە قەن سالدى، قوشوْق بىلەن ئىرىڭلىتىپ قەننى ئەزگەچ ۋوگزالدىكى چىراغ يوروْقىدا دېرىزىدىن سىرتتىكى قار مەنزىرىسىگە قارىدى.

- ئىنگلىزچىدىن باشقا چەت ئەل تىلىنىموْ بىلەمسىز؟ - دەپ سورىدى ئوْ كوْتكوْچى قىزدىن.

- ھەئە، بىلىمەن. نېمىسچە، فرانسوْزچە بىلىمەن، ئوْندىن باشقا يەنە بەزى يەرلىك تىللاردىنموْ خەۋىرىم بار.

- قايسى تىلنى ئەڭ ياخشى كوْرىسىز؟

- بوْ تىللار مەن ئوْچوْن ئاساسەن ئوخشاش، ئەپەندى. پالانى تىلنى بەكرەك ياخشى كوْرىمەن دەپ ئېيتالمايمەن.

- ھاراق ياكى قەھۋە دېگەندەك بىرنەرسە ئىچىشنى خالامسىزكىن؟

- ياق، ئەپەندى. بىزنىڭ بوْ يەردە مېھمانلار بىلەن ھاراق ئىچىشكە بولمايدوْ.

- بىر تال چېكىپ قويامسىز؟

- بولدى، ئەپەندى، - دېدى قىز تەبەسسوْم بىلەن، - مەن ئادەتتە تاماكا چەكمەيمەن، ئەپەندى.

- مەنموْ چەكمەيتتىم، - دېدى ھارىس، - مەن داۋىد براسكېنى[1] قولللىمايمەن.

- سىزگە يەنە بىرەر ئىستاكان قەھۋە ياكى ھاراق كەلتوْرەيموْ؟

- رەھمەت، - دېدى مۆتىۋەر.

- مەن بىلەن قارا گىلاستا ئىنىشلەنگەن كونياك ئىچىشنى خالامسىز؟

- خالاشنىغوْ خالايمەن، بىراق ماڭا پوْل توْلىتەرسىز.

- ياقەي، سىزنى مەن مېھمان قىلىمەن، - ھارىس ئەپەندى كوْتكوْچى قىزنى چاقىردى. ھېلىقى مۆتىۋەر پەلتوْسىنىڭ يانچوْقىدىن خوْروْم تاشلىق بىر خاتىرىنى ئالدى. ئوْ كەڭ بىر رېزىنكە يىپنى سوْغوْروْپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقاردى ۋە بوْ قەغەزلەردىن بىر ۋارىقىنى ھارىسقا سوْندى.

- بوْ مېنىڭ ئەزالىق كىنىشكام، - دېدى ئوْ، - سىز ئامېرىكىلىق فردىرىك دېلوسەيىرنى تونوْمسىز؟

- تونوْمايدىغاندەك توْرىمەن.

① داۋىد براسكي (1853 - 1931) ئامېرىكىلىق دراماتورگ ۋە نازارەتچى.

- مېنىڭچە ئۇ ناھايىتى مەشھۇر ئادەم.
- ئۇ نەلىككەن؟ ئۇنىڭ قايسى شتاتتىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
- ۋاشىنگتونلۇق بولمامدۇ. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باش شتابى شۇ يەردە ئوخشىمامدۇ؟- شۇنداقمىكىن.
- شۇنداقمىكىن دەيسىزغۇ، كېسىپ بىرنېمە دېمەمسىز؟
- ئۇ يەرنى چىقىپ كەتكىنىمگە ئۇزۇن بولغان.
- ئۇنداقتا سىز ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئەمەسمۇ؟
- ياق، مەن ئەمەس، ئاتام ئەزا ئىدى. ئۇنىڭ ئەزا بولغىنىغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى.
- ئەمىسە ئاتىڭىز فردرىك دېلوسەيرنى تونۇيدىغۇ دەيمەن. ئۇ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نوپۇزلۇق بىر خادىمى ئىدى. بىلىسىڭىز، مېنى شۇ ئەزالىققا كۆرسەتكەن.
- مەن بۇنىڭدىن خۇشالمەن.
- سىزنىڭ ئەزا بولماي يۈرگىنىڭىزدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم، بىراق سىز ئاتىڭىزنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەزالىققا سايە قىلىنسىڭىز بولىۋېردۇ.
- مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، - دېدى ھارىس، - دۆلىتىمگە قايتقاندا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.
- مەن سىزگە شۇنداق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، - دېدى ھېلىقى مۆتىۋەر، - سىز ژۇرنال كۆرۈپ تۇرىدىغانسىز؟
- كۆرمەمدىغان.
- ئۇ ژۇرناللار ئارىسىدا شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى بېسىلغان سانىنى كۆرگەنمۇ؟
- كۆرگەن. پارىژدىكى چاغلىرىمدا مەندە شۇ سان ژۇرنال بار ئىدى.
- يەنە تېخى ئالياسكا يانار تېغىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى بېسىلغان سانىنىچۇ؟
- ئۇ بىر مۆجىزىكەنغۇ.
- گىئورگى شىراس Ⅲ تارتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىگە بەك زوقۇم كېلىدۇ جۇمۇ.
- پاھ، ئۇنى بىر دېمەڭ.
- كەچۈرۈڭ.
- ئۇ سۈرەتلەر ھەقىقەتەن بەك پەيزى تارتىلغان. ئۇ ئەبلەخزە...
- ئەبلەخ دەيسىزغۇ؟
- بىز قەدىناس دوستلاردىن دەڭا، - دېدى ھارىس.
- ھە مۇنداق دەڭ، گىئورگى شىراس Ⅲ نى تونۇيدىكەنسىز - دە. ئۇ ناھايىتى قىزىق ئادەم ئوخشايدۇ.
- ئۇ بەك قىزىق ئادەم. مەن تونۇيدىغانلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك قىزىقچىسى يوق.
- ئۇنداق بولسا، گىئورگى شىراس Ⅱ نى تونۇمسىز؟
- ئۇمۇ قىزىقمۇ؟
- ئۇ ئۇنچىۋالا قىزىق ئادەم ئەمەس.
- مەن ئۇنى بەك قىزىق ئادەممىكىن دېگەن.
- بىلەمسىز، ئۇنىڭ قىلىدىغىنى شۇنداق قىزىقچىلىق. بىراق ئۇنىڭ ئۆزى قىزىق ئادەم ئەمەس، توۋا، نېمىشقا شۇنداقتۇر دەيمەن.
- ھىم، - دېدى مۆتىۋەر، - مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ھەممىسى شۇنداق قىزىق ئادەملەر بولسا كېرەك دەپتىكەنمەن.
- سەھرايى كەبىرنىڭ مەنزىرىسى ئېسىڭىزدىمۇ؟ - سورىدى ھارىس.
- سەھرايى كەبىر چۆللۈكى؟ ئۇ ئون بەش يىل ئاۋۋالقى ئىش.
- توغرا، ئۇ ئاتام ئەڭ ياقتۇرىدىغان سۈرەتلەرنىڭ بىرى.
- ئۇ، يېقىنقى يېڭى سانلىرىنى ياقتۇرمامدىكەن؟
- ياقتۇرۇشى مۇمكىن. لېكىنزە، ئۇ سەھرايى كەبىرنىڭ پۈتكۈل مەنزىرىسىنى بەك ياخشى كۆردۇ.
- ئۇ ناھايىتى ياخشى چىققان سۈرەت. مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىدىن ئۈستۈن.
- مەن تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم، - دېدى ھارىس، - بوران - چاپقۇنلار قۇملارنى ھۇشقىيتىپ ئۇچۇرۇپ تۇرسىمۇ ھېلىقى ئەرەب تۆگىسىنىڭ چۆلۈۋرىنى يېتىلەپ مەككىگە قاراپ مېڭىۋېرىشى، ئاجايىپ ئىش.
- ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئەرەب شۇ يەردە تۆگىسىنىڭ چۆلۈۋرىنى تۇتۇپ تۇراتتى.
- دۇرۇس، - دېدى ھارىس، - مەن ئىختىيارسىز

كاپىتان لاۋرېنسنىڭ[1] كىتابىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم.

- مەن لاۋرېنس كىتابلىرىنى ئەرەبلەرگە ئاتاپ يېزىلغانمىكىن دەيمەن.

- بەرھەق شۇنداق، - دېدى ھارىس، - ھېلىقى ئەرەب ماگا ئىختىيارسىز ھالدا لاۋرېنسنىڭ كىتابلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدى.

- ئۇ بەك قىزىق يىگىتمىكىن دەيمەن.

- مېنىڭچىمۇ شۇنداق.

- ئۇنىڭ ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

- ئۇ خانلىق ھاۋا ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلىدۇ.

- ئۇ نېمىدەپ شۇ ئىشنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

- ئۆزى ھاۋا ئارمىيىسىگە ھېرىس قىلىدىكەن.

- ئۇنىڭ دۆلەتلىك جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىگە كىرگەن - كىرمىگەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

- بۇنى بىلمەيدىكەنمەن.

- ئۇ ناھايىتى ياخشى ئەزا بولالايتتى. ئۇلار ئەسلىدە ئۇنىڭدەك ئادەملەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلغان بولسا بولاتتى. مۇبادا سىز ئۇلار ئۇنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ، دېسىڭىز، مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنى سايە قىلىمەن.

- مېنىڭچە، ئۇلار خالىسا كېرەك.

- مەن ۋېلۇېردىكى بىر ئالىم بىلەن بىر خىزمەتدىشىمنى كۆرستىۋېدىم، ئۇلار تامامەن تاللاندى. ئۆتۈشمەن، بۇ قېتىم لاۋرېنس كاپىتاننى كۆرستىدىغان بولسام ئۇلار چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

- بۇ تازا ياخشى ئەقىل بولدى، - دېدى ھارىس، - سىز بۇ رېستۇرانغا پات - پات كېلىپ تۇرامسىز؟

- تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچكىلى كېلىمەن.

- ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەمسىز؟

- ھازىر ئىشلىمەيمەن.

- مەن پويىزنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتقان، - دېدى ھارىس، - مەن شىمالغا مېڭىپ پارىژغا بارىمەن، ئاندىن لېئافوردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئامېرىكىغا قايتىمەن.

- ئامېرىكىغا تېخىچە بېرىپ باقمىدىم، بەك بارغۇم بار. كەلگۈسىدە بىرەر جەمئىيەتنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئۆتۈپ قالغۇدەك پۇرسەت چىقىپ قالار. ئاتىڭىز بىلەن بىر دىدارلىشىۋالغان بولسام، تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

- كېيىپ ئېيتىمەنكى، ئاتام سىزنى ناھايىتى خۇش چىراي قوبۇل قىلاتتى، شۈبھىسىز، ئۆتكەن يىلى تۈگەپ كەتتى. ئۇ، مىلتىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىش - تە، بۇ.

- بەك ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئىلىم ساھەسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن چوقۇم چوڭ بىر يوقىتىش بوپتۇ.

- ئىلىم ساھەسىگە ھېچ گەپ ئەمەس.

- بۇ مېنىڭ نام - ئەمەل كارتۇچكام، - دېدى ھارىس يەنە سۆز ئېلىپ، - ئىسمىمنىڭ ئالدىدىكى ئىككى E ھەرپىنى J.E غا ئۆزگەرتسىڭىزلا ئۇنىڭ ئىسمى بولىدۇ. بىلىمەن، ئۇ سىز بىلەن تونۇشۇشنى جەزمەن خالايدۇ.

- شۇنداق بولسا ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلغان بولاتتىم، - دېدى مۆتىۋەر كىشى خاتىرىسىدىن بىر تال نام - ئەمەل كارتۇچكىسىنى ئېلىپ ھارىسقا بەرگەچ. بۇ كارتۇچكىغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

> ئامېرىكا جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى
> كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونى
> ۋاشىنگتون ئامېرىكا بىرلەشمە دۆلەتلىرى
> سىگىسموند دوكتور، پەلسەپە دوكتورى

- مەن بۇنى پۇختا ساقلايمەن، - دېدى ھارىس .


(خەنزۇچە «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدىن» ناملىق كىتابنىڭ ئىككىنچى تومىدىن ئېلىندى.)

① لاۋرېنس (1888 - 1935) ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، ھەربىي ۋە يازغۇچى.


# ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى



باش تەھرىر بۆلۈمى




ئېلان بۆلۈمى




تېخنىك بۆلۈمى

# ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى



دىكتور رىياسەتچىلەر بوۋا!





国际标准刊号ISSN1004-1745　国内统一刊号CN65-1012/I　邮发代号58-83　零售价4.40